دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى

(ئەنگلىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى


ئاپتورى : ئىسمسىز (ئەنگلىيە)

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئوسمانجان مۇھەممەت
ھەزرىتى ئەلى بارات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据吉林摄影出版社 1994 年 4 月第 1 版 1994 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس
بېئوۋۇفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمانجان مۇھەممەت
ھەزرىتى ئەلى بارات
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ لۇڭ يىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى: 7.375
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—4000
ISBN7—228—09508—1
(ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن) يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

贝奥武甫降妖记/史维存撰文；王力绘；吾斯曼江·穆合买德，艾孜尔提艾力·巴拉提译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.8
ISBN 7－228－09508－1

Ⅰ.贝…　Ⅱ.①史…　②王…　③吾…　④…艾　Ⅲ.史诗—英国—古代—维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ.I561.22

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第083756号

责任编辑：艾尼瓦尔·哈斯木
责任校对：古丽夏尔·尼合买提
出版策划：艾尔肯·伊不拉音·飞达

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　7.375印张
2005年7月第1版　　2005年7月第1次印刷

印数：1—4000

ISBN 7－228－09508－1
单价:11.00元(总定价:110.00元)

# قىسقىچە مەزمۇنى

سوغۇق، قاقاس شىمالىي ياۋروپا زېمىنىدا دانىيە پادىشاھى روسكا ئۆزى نازارەتچىلىك قىلىپ سالدۇرغان «مارال سارىيى» پۈتۈشى بىلەنلا ئادەمخور يالماۋۇز گوفاندانىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. كۈنلەر، يىللار ئۆتىدۇ، سانسىزلىغان سانغۇن - سەرۋازلار يالماۋۇزنىڭ لەززەتلىك يېمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەر يىراق دىياردىكى گوت قەبىلىسىنىڭ پالۋانى بېئوۋۇفنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. بېئوۋۇف بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ - دە، ئون تۆت پالۋاننى باشلاپ دانىيىگە ياردەمگە كېلىدۇ ۋە يالماۋۇزغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. بېئوۋۇف يالماۋۇز گوفاندانىڭ بىر قولىنى قايرىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يالماۋۇز گوفاندا سازلىقتىكى ئۇۋىسىغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بېئوۋۇف يالماۋۇزنىڭ سازلىقتىكى ئۇۋىسىغا بېرىپ، ئانا - بالا يالماۋۇزلارنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ، دانىيىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. پالۋان ئۆزىنىڭ تۆھپە - نەتىجىلىرىگە يارىشا شان - شەرەپ قۇچىدۇ.

بېئوۋۇف ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆز دۆلىتىدە ئەللىك يىل پادىشاھ بولىدۇ. ئۆيلىمىغان يەردىن بېھىساب بايلىقنى بېسىپ ياتقان بىر زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بېئوۋۇف ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەجدىھا بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن مىللىي قەھرىمانلىق داستانىنى يېزىپ چىقىدۇ.

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| بىرىنچى قىسسە | دانىيە خان ئوردىسىغا ئاپەت ياغقانلىقى ........................ 1 |
| ئىككىنچى قىسسە | بېئوۋۇفنىڭ لەشكەر تارتىپ چىققانلىقى.............................. 8 |
| ئۈچىنچى قىسسە | پادىشاھ روسكانىڭ كاتتا زىياپەت راسلاپ مېھمانلاردىن ھال سورىغانلىقى ................................ 19 |
| تۆتىنچى قىسسە | پالۋاننىڭ گوفاندانى قەتلە قىلىش ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلغانلىقى ...34 |
| بەشىنچى قىسسە | پادىشاھ روسكانىڭ زىياپەت راسلاپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەنلىكى ...... 47 |
| ئالتىنچى قىسسە | قېرى يالماۋۇزنىڭ مارال سارىيىدىن ئۆچ ئالغانلىقى ................ 69 |
| يەتتىنچى قىسسە | سازلىقتا ئانا يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ تۆھپە ياراتقانلىقى .............. 80 |

| | | |
|---|---|---|
| سەككىزىنچى قىسسە | زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكى، پادىشاھنىڭ كاتتا تارتىۇقلىغانلىقى | 105 |
| توققۇزىنچى قىسسە | زەپەر قۇچقان پالۋانلار | 117 |
| ئونىنچى قىسسە | ھىبرانىڭ پالۋانلارنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغانلىقى | 132 |
| ئون بىرىنچى قىسسە | پالۋان لىسانىنىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقى | 150 |
| ئون ئىككىنچى قىسسە | ياقۇت ئوغرىسىنىڭ يىرگىنچلىك ئەجدىھا ئوردىسىغا كىرىپ قالغانلىقى | 167 |
| ئون ئۈچىنچى قىسسە | يىرگىنچلىك ئەجدىھانىڭ گود زېمىنىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى | 178 |
| ئون تۆتىنچى قىسسە | ئاق چاچلىق پالۋاننىڭ يىرگىنچلىك ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقانلىقى | 188 |
| ئون بەشىنچى قىسسە | ئەجدىھا ئۆلتۈرگەن پالۋاننىڭ لەھەت يولىغا ماڭغانلىقى | 204 |
| ئون ئالتىنچى قىسسە | مەرھۇم پالۋاننىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ ئەبەدىلئەبەد تارقالغانلىقى | 219 |

## بىرىنچى قىسسە

# دانىيە خان ئوردىسىغا ئاپەت ياغقانلىقى

ناھايىتى موقەددەم زامانلاردىن تارتىپلا نۇرغۇن قەدىمكى قەھرىمان مىللەتلەر ئارىسىدا ئاجايىپ رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلگەن.

ياۋروپانىڭ شىمالىي قۇرۇقلۇقىدا دانىيىلىكلەر، گوتلار ۋە شىۋىتلار تۇراتتى. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بۇ باي، گۈزەل زېمىندا ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەسرەتلىك، داستانسىمان كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى.

دانىيىنىڭ مۇستەبىت پادىشاھى خېلمۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئەلنى مالىمانچىلىق باستى. ئاۋام - پۇقرالارنىڭ ھايات - ماماتى، دەرد - ھالى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇلار ھامان بىر كۈنى بىزنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر دانا پادىشاھ چىقىدۇ، دەپ تەشنا بولۇشتى. نىھايەت، بىر كۈنى ئەتىگىنى زۇمرەتتەك دېڭىزدا لىقمۇلىق ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان قولۋاق ئېقىپ كەلدى، قولۋاقتا يۆگەككە يۆگەپ قويۇلغان بىر بوۋاق ياتاتتى، بوۋاق بېشىنى بىر باغلام بۇغداي باشقىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغانىدى. بۇ «بۇغداي ئوغلى» چوڭ بولغاندىن كېيىن دانىيىنىڭ دانا پادىشاھى بولۇپ، ئەل - يۇرتقا ئامان - ئېسەنلىك ئېلىپ كەلدى، بەخت - سائادەت ئاتا قىلدى. ئەلمۇ كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تاپتى. ئۇ پادىشاھ شىردى — دانىيە «قالقىنى» دەپ ئاتالدى. كۈنلەر ئايلارغا يەتتى، ئايلار يىللارغا يەتتى. بۇ ھۆرمەتلىك مۆتىۋەر پادىشاھقا قېرىلىق يېتىپ، لەھەت



يولىغا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئوغلى «بۇغ-
داي» بېئۇل، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئاۋام پۇقرالار پادىشاھنى
«دېڭىزغا دەپنە» قىلدى.

دېڭىزدىن لەيلەپ كەلگەن دانىيىنىڭ بۇ نىجاتكارىنىڭ جەسى-
تى ئەگرى بويۇنلۇق ياغاچ قولۋاقتا سېلىندى، ئۇنىڭ يەلكىلىرى
ئۇنچە - مارجانلار بىلەن بېزەلدى. ئۇنىڭ ھايات چاغلىرىدىكى
ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە تەققاسلاش ئۇچۇن يېنىغا دۇبۇلغا - ساۋۇت،
قىلىچ - شەمشەر، ئالتۇن - كۈمۈش قويۇلدى. بېشىغا زەر يىپ
كەشتىلەنگەن جەڭ بايرىقى قويۇلدى. قولۋاق دېڭىز دولقۇنىدا
يىراقلارغا ئېقىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىش ئۇچۇن كەلگەنلەر قات-
تىق ھەسرەتلەندى، ئاھـۇزار دېـڭىز شاۋقـۇنلىرىنى بېسىپ
چۈشتى...

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. دانىيە پادىشاھىنىڭ ئورنىنى
«بۇغداي» بېئۇل ئوغلى «يېرىم دانىيىلىك» خافدانغا بەردى.
خافداننىڭ ئۈچ ئوغلى، بىر قىزى بار ئىدى. ئۇلار: «سىپاھ
نەيزىسى» خايلوگ، «شەرەپ نەيزىسى» روسكا، «ياخشى ئادەم»
خارجا ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىزى كېيىن شىۋىتسىيە پادىشاھى
ئونىرانىڭ خانىشى بولدى. كېيىن «شەرەپ نەيزىسى» روسكا
خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دانىيە پادىشاھىنىڭ خانلىق
ئورنىدا ئولتۇردى.

روسكا خانلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاۋام - پۇقرا-
لىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. نۇرغۇن بەرنا سەركەردىلەر
تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭ بارگاھىغا يىغىلدى. ئەل ئىچى ئاجايىپ
خۇشال كەيپىياتقا چۆمدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەۋلادلارغا
يەتكۈزۈش، ئاۋام - پۇقرالارغا مېھرى - شەپقەت قىلىش ئۇچۇن
جاھاندا تەڭداشسىز سەلتەنەتلىك قەسىر سالدى ۋە ئۇ قەسىرنى
«مارال قەسرى» دەپ ئاتىدى. قەسىر پۈتكەندىن كېيىن كاتتا
زىياپەت بەردى، زىياپەت قاتتىق قىزىپ كەتتى. نەغمە - ناۋالار

ياڭرىدى، رەققاسلا لەرزان ئۇسسۇل ئوينىدى. ھۆكۈمرانلار، ئاۋام ـ پۇقرالار شاد ـ خۇراملىق، بەخت ـ سائادەت قوينىغا چۆمدى. روسكا بۇ ھالدىن مەستۇ ـ مۇستەغرەت بولدى، لەۋزىدە تۇرۇپ، پۈتۈن بايلىقىنى سانغۇن ـ سىپاھلارغا، ۋەزىر ـ ۋۇزرا- لارغا، ئاۋام ـ پۇقرالارغا، پازىل ـ ئەللامىلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەسىرنى شادلىق سادالىرى قاپلىدى. غەزەلخانلار: «قادىر ئاللا دۇنيانى ياراتتى، گۈزەل زېمىن دېڭىز- غا باقتى. ئۇلۇغ شاھ قۇياشقا ئوخشاش، نۇر، بەخت، ئۈمىد ئەكەلدى. ياپراقلىرىڭىز زېمىننى بېزىدى، ھاياتىڭىز ئەۋلادلارنى كۆپەيتتى.» دەپ غەزەل ئېيتىشتى.

جاھاننىڭ ئىشلىرىنى پەرەز قىلماق تەس. روسكا ۋە ئۇلار- نىڭ پۇقرالىرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، مەي ـ شاراب- لارنىڭ كەيپى تۇتقان چاغلاردا ئاپەت ياغدى. زۇلمەت قوينىدا يۇرگەن بىر يالماۋۇز ئىنسانلار دۇنياسىدىكى بۇ شادلىققا چىدى- يالماي نىجىس تىرناقلىرىنى مارال قەسىرگە سوزدى.

بۇ يالماۋۇزنىڭ ئىسمى گوفاندا ئىدى. ئۇ پۈتكۈل دالانى ئىگىلىۋالغانىدى، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى پاسكىنا سازلىقنىڭ تېرەن يەرلىرىدە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇ نۇرغا ئۆچ ئىدى. ئىنسان- لار دۇنياسىنىڭ شادلىقىدىن ئەسلىي خەۋىرى يوق ئىدى. بىر كۈنى زېمىنغا تۈن پەردىسى يېيىلغاندا ئۇ دالىدىن چىقىپ، ناخشا ئاۋازى چىقىۋاتقان ھەيۋەتلىك قەسىرگە قاراپ كەلدى. ئۇ ئىشىك يوچۇقىدىن قەسىر ئىچىگە مارىلاپ قارىدى. قەسىر ئىچىدە پادى- شاھنىڭ نۆكەرلىرى ـ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇغا كەت- كەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار مەي ـ شارابلارنى قانغۇچە ئى- چىپ، ئاش ـ تائاملارنى تويغۇچە يېگەنىدى، خۇددى كۈن- دۈزى زىياپەتتە شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەندەك قىلاتتى. ئۇلاردا غەم ـ قايغۇ دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. رەزىل يالماۋۇز گوفاندانىڭ شۇ زامان ياۋايىلىقى تۇتۇپ شىددەت بىلەن قەسىرگە



ئېتىلىپ كىردى. ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئون بەش نۆكەرنى تۇتۇپ، بىر - بىرلەپ يەۋەتتى. قەسىر ئىچىنى قان ھىدى بىر ئالدى. بۇ نۆكەر يىگىتلەر شېرىن ئۇيقۇدا يالماۋۇزنىڭ قۇربانى بولدى. يالماۋۇز قايتار چېغىدا يەنە پۈتۈن ئەزايىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ئون بەش نۆكەرنى كېيىن يېيىش ئۈچۈن قانىتىغا يۆ- گەپ، ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كەتتى.

تاڭ نۇرى زۇلمەت دەرۋازىسىنى ئاچتى. كىشىلەر ئۇيقۇ دۇنياسىدىن رېئال دۇنياغا كەلدى. قەسىردىكى ئېچىنىشلىق مەن- زىرىلەردىن كىشىلەر ھەيرانۇ ھەس بولۇشتى. شادلىقتىن ئەسەر- مۇ يوق ئىدى. قابىاھەتلىك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلغان كىشىلەر ئاللا - توۋا سېلىشتى، ياقا يىرتىپ يىغلاشتى. پادىشاھ روسكا بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ چىرايلىرىنى غەم بۇلۇتلىرى باستى، يۈرەك - باغرىنى ھەسرەت ئوقلىرى يارا قىلدى. كىشىلەر زېمىن ئۈستىدە قالغان يالماۋۇزنىڭ ئاياغ ئىزىدىن يالماۋۇزنىڭ غايەت زور كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكىنى، ئۇنى يېڭىش بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى، دانىيە ئاسمىنىنى قاپلاپ تۇرغان بالايىئاپەت تۇمان- لىرىنى تارقىتىۋېتىشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلىشتى.

ئويلىمىغان يەردە ئىككىنچى كۈنى كېچىسى ئۇ يالماۋۇز يەنە قەسىرگە كېلىپ، دانىيىلىكلەرنىڭ خان سارىيىنى قانغا بويىۋەت- تى. يالماۋۇز نۆكەرلەرنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى چەيلەپ، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئىچىپ، گۆش - سۆڭەكلىرىنى يېدى، ھايال ئۆتمەيلا مۇقەددەس قەسىر يالماۋۇزنىڭ جەڭگاھىغا ئايلاندى. روسكا يالماۋۇزنىڭ بۇنداق قاتىل - شۇمپەنلىكى ئالدىدا ئامال- سىزلىقتىن تېپىرلاپ كەتتى، نۆكەرلەر قەسىرنى داۋاملىق مۇھا- پىزەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ يالماۋۇز قەسىرنى ئىگىلىۋالدى.

ئاردىن ئون ئىككى يىل ئۆتتى. ئاپەتلىك قارا بۇلۇتلار

دانىيە ئاسمىنىنى قاپلىدى. يالماۋۇزنىڭ پايمالىغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى ھەسرەت ـ قاباھەت تىغلىرى بىلەن تىلىندى. غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەن پادىشاھ روسكانىڭ ئىرادىسى قاباھەتتىن ئاجىزلىدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، پازىل، سانغۇنلار ھېچقانداق چارە ـ تەدبىر قىلالمىدى، ئامالسىز قالدى. ئۇلار بۇ يىرگىنچلىك يالماۋۇزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىدى. ھەتتا يالماۋۇزنىڭ بۇنداق قورقۇنچلۇق ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئىبادەتخانىلارغا نازۇ نېمەتلەرنى تەقدىم قىلىپ، تەڭرىدىن ئېغىر تالاپەت باسقان دۆلەت بىلەن ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان خەلقنى نىجاد تاپقۇزغىن، دەپ تىلاۋەت قىلىشتى.

چەكسىز دېڭىزنىڭ ئايىغى نەدىدۇ؟ ئەزىم كېچىلىرىنىڭ تاڭ نۇرى نەدىدۇ؟

# ئىككىنچى قىسسە

## بېئوۋۇفنىڭ لەشكەر تارتىپ چىققانلىقى

قورقۇنچلۇق خەۋەر دېڭىزنىڭ شىمالىغا تارقالدى. گوتلار-نىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقان بىر باھادىر بار ئىدى. ئۇ گوت پادىشاھى ھېيرانىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ چىناردەك بەستلىك، كۈچ - قۇدرەتتە تەڭداشسىز ئىدى. ئۇنىڭغا ئوتتۇز ئادەمنىڭمۇ كۈچى يەتمەيتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى بېئوۋۇف دەپ ئاتىشاتتى.

ئۇ دانىيىلىكلەر يالماۋۇزنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھايات - ماماتىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپكە كەلدى - دە، دېڭىزدىن ئۆتۈپ، يالماۋۇزنى يوقىتىپ، ئىزتىراپ ئىچىدە تىركىشىۋاتقان دانىيىلىكلەرنى نىجاد تاپقۇزۇشنى نىيەت قىلدى. پادىشاھ ھېيرا ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى قوللىدى. گوت خەلقىمۇ ئۇنى ماختاشتى.

گوتلار ئورمانلىقىدىكى تۇم، يارامىلىق دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۇستا ياغاچچىلارنى تاللاپ، دېڭىز بويىدا بېئوۋۇفنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن كېمە ياساشقا كىرىشتى. ئۇلار قەھرىماننىڭ دېڭىز دولقۇنلىرىنى يېرىپ، دانىيە خەلقىنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن يېنىك ھەم پۇختا جەڭ كېمىسى ياساشتى. ئۇستىلار كېچەيۇ كۈندۈز توختىماي ئىشلەپ، بىر ئاي دېگەندە تېز ئۈزىدىغان بىر كېمە ياساپ چىقتى. ئەگرى بويۇنلۇق كېمىنىڭ باش تەرىپىگە ھەيۋەتلىك بىر بۆرىنىڭ ھەيكىلىنى ئويدى، بۆرىنىڭ پولتىيىپ چىققان چوڭ - چوڭ كۆزلىرى



ئۇدۇلغا تىكىلگەنىدى. چوڭ ئېچىلغان ئېغىزىدىن ئۆتكۈر چىش-
لىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چىشلار ئۇنىڭ تەڭداشسىزلىقىنىڭ،
قورقماس، باتۇرلۇقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. كېمىنىڭ ئىككى يې-
قىنىغا خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئەجدىھاغا ئوخشاش چىرايلىق
گۈللۈك سىزىقلار ئويۇلغانىدى. كېمىگە دۈۋرقاي سۈركەلگەچكە
ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇراتتى. خۇشبۇي پۇراق كېلىپ تۇراتتى.
بېئوۋۇف يېڭى ياسالغان بۇ كېمىگە قارىغىنىچە خۇشال بولۇپ
كەتتى. ئۇستاملارغا كۆڭلىدە رەھمەت - ھەشقاللا دېدى. ئۇ
گوتلاردىن ئون تۆت پالۋاننى تاللىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پولات-
تەك ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇ ئۇلارغا ساۋۇت - دۇبۇلغا،
قىلىچ - شەمشەر، مۇستەھكەم قالقان تارقىتىپ بېرىپ، پۇختا
قوراللاندۇردى.

ئىللىق شامال چىققان بىر ئەتىگىنى بېئوۋۇف پالۋانلارنى

باشلاپ كېمىگە چىقتى، ئەل - يۇرت بىلەن خوشلىشىپ يىراق سەپەرنى باشلىدى.
قۇياش نۇرىدا بېئوۋۇف مەزمۇت تۇردى. چىرايلىرىدىن سۇر - ھەيۋىلىرى چىقىپ تۇراتتى. سۇرلۇك كۆزلىرىدىن غەلىبە ئىشەنچىسى نامايان بولاتتى. پالۋانلار كېمىنى كۈچەپ ھەيدىدى، پالاق سۇغا ئۇرۇلدى، ئىككى تەرەپكە سۇ چاچرايتتى.
ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ تۈن پەردىسىدە يۇلتۇزلار چاقنىدى. دانىيىلىكلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ ماڭغان كېمە مەن-زىلگاھقا بارغانسېرى يېقىنلاشتى. پالۋانلار قاتتىق تىت - تىت بولۇپ كەتتى. يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا كېمىنى تېخىمۇ كۈچىنىپ ھەيدىدى، ئۇلار ھارغان - تالغىنىنىمۇ بىلمىدى، خەتەرلىك دولقۇنلاردىنمۇ قورقمىدى...
ئوتتاشتەك قۇياش يەنە دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەندە پالۋانلار يى-راقتا تۇرۇپ قۇرۇقلۇققا، چاقناپ تۇرغان قىيا تاشلارغا، ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا قارىدى... ئۇ دانىيە، يالماۋۇز پايمال قىلغان يەر ئىدى. پالۋانلار قاتتىق خۇشال بولۇشقىنىچە كېمىنى تېز قىرغاققا ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى ۋە لەنگەر تاشلىغاندىن كېيىن بىر - بىرلەپ قىرغاققا چىقتى. بۇ چاغدا قىيا تاش بويلىرىدا دانىيىنى چارلاپ قوغداۋاتقان قاراۋۇللا چەپراس قورال-لانغان قوشۇننى بايقىدى. قاراۋۇل باشلىقى نەيزە تۇتقىنىچە قىر-غاق تەرەپكە ئاتلىق كەلدى.
— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ سىلەر بىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىد-مىزغا قورالىق ھۇجۇم قىلماقچىمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى.
پالۋانلار ئىلگىرىلەشتىن توختىدى. بېئوۋۇف بېشىنى كۆ-تۈردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جاۋابەن دېدى:
— بىز گوتلار، پادشاھ ھېيرانىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم-لەر، ئاتام ئالەمگە داڭقى بار «شەمشەر قول» ئېلچىس بولىدۇ. بىز كۈچلۈك ھۆرمەت تۇيغۇمىز بىلەن دۆلىتىڭلارنىڭ مەشھۇر

پادىشاھى روسكانى ئالاھىدەن زىيارەت قىلىپ كەلدۇق.
قاراۋۇل باشلىقى ئۇلارنىڭ گوتلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، نەيزىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىللىق تەلەپپۇزدا:
— سانغۇن، نېمە ۋەجىدىن كەلدىڭلە؟ — دېدى.
— دانىيىدە بىر يالماۋۇز پەيدا بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. ئۇ دانىيىنى زۇلمەت قوينىغا پاتقۇزۇپتۇ، دانىيىلىكلەرگە تۈگىمەس تالاپەت يەتكۈزۈپتۇ، شۇمپەنلىك قىپتۇ. بىز پادىشاھقا ياردەم بەرگىلى كەلدۇق، بۇنىڭدىن ئۆزگە مۇددىئايىمىز يوق. قەدىناس دوستىمىز روسكاغا ھەمدەمدە بولۇپ، يالماۋۇزنىڭ ئاپىتىنى تۈگىتىپ دانىيە زېمىنىنى قۇياش نۇرىغا چۆمدۈرۈشنى نىيەت قىلدۇق.
قاراۋۇل باشلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دۈشمەنلىشىش نىيىتىدىن تامامەن ياندى.
— چۈشەندىم. سىلەر دانىيىگە سادىق قوشۇن ئىكەنسىلەر. دانىيىلىكلەرنىڭ ياخشى دوستىكەنسىلەر. سەپىرىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە يول باشلاپ ماڭاي!
باھادىر بېئوۋۇلف ئون تۆت پالۋاننى باشلاپ قىيا تاشقا يامىشىپ چىقتى. قاراۋۇل باشلىقى ئۇلارنى سەمىمىي كۈتۈۋالدى. ئۇلار بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن قاراۋۇل باشلىقىنىڭ يول باشلىشى بىلەن پادىشاھ روسكانىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا يىراقلىدى. ئىللىق قۇياش نۇرى پالۋانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتتى. ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلار ئاپتاپتا يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتتى. پالۋانلارنىڭ رەتلىك قەدەم تاشلىشىدىن، ئورمانلىقتىكى قۇشلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار جۇشقۇن روھ بىلەن قويۇق ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتتى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن ئۆتتى. قۇياش نۇرىنى ئەتراپقا سېخىيلارچە چاچاتتى. دانىيە پادىشاھى



روسكانىڭ ئوردىسى يىراقتىن كۆرۈندى.

قاراۋۇل باشلىقى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، يىراقتىكى قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوردىنىڭ ئېگىز مۇنارلىرىنى كۆرسەتتى ۋە بېئوۋۇلفقا:

— ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوردا پادىشاھ روسكانىڭ ئوردىسى. سىلەر ئورمانلىقتىكى مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئاۋۇ تاغدىن ئۆتسەڭلارلا ئوردىغا يېتىپ بارىسىلەر. مەن قايتاي، تەڭرى پاناھىدا ساقلىغاي. ئاق يول بولسۇن! — دېدى.

قاراۋۇل باشلىقى شۇنداق دېدى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قويۇندەك يۈرۈپ كەتتى.

هايال ئۆتمەي پالۋانلار كەڭرى يولغا چىقتى. تاش ياتقۇزۇلـ. غان چىرايلىق داغدام يولدا ماڭدى. ئۇلار پەلەمپەيلەردىن چىـ. قىپ، تەڭداشسىز، ھەيۋەتلىك ئوردىغا يېتىپ كەلدى. پالۋانلار ئوردىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولۇشتى ۋە ئوردىنى ماختىشىپ كەتتى. ئۇلار ئوردىنىڭ قىزىل تىمىنىڭ يېنىغا كەلدى، كەڭ پولات قالقانلىرىنى ئېگىز تامغا يۆلەپ، كۆل رەڭ نەيزىلىرىنى قالقانلىرىنىڭ يېنىغا قاداپ قويغاندىن كېيىن، دىۋانلاردا ئولتۇ. رۇپ، سەپەر هاردۇقىنى چىقىرىشتى.

ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. ئوردىدىن هاكاۋۇر بىر ۋەزىر چىقتى ۋە پۈتۈنلەي قوراللانغان بۇ قوشۇننى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— سىلەر ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن بۇ قالقانلارنى، پولات ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى، رەتلىك نەيزىلەرنى قەيەردىن ئەكەلدىڭـ. لار؟ مەن «شەرەپ نەيزىسى» روسكانىڭ پەرمانبېگى بولىمەن. ئەمما، مەن سىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. دېمىسەم - دېمىسەم سىلەرنىڭ بارار يېرىڭلار بولمىغاچقا دانىيە پادىشاھىنى پاناھ تارتىپ كەلگەنسىلەر؟

چىنار قامەت بېئوۋۇف پەرمانبېگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بىز گوتلارنىڭ پادىشاھى ھېيرانىڭ قوۋمى، مېنىڭ ئىسمىم بېئوۋۋوف. بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىمنى ھۆرمەتلىك پادىشاھىڭلارغا بايان ئەيلىگۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۈرانە سالاملاشقۇم بار. سىلى مېنىڭ مۇددىئايىمنى پادىشاھىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويغايلا.

پەرمانبېگى ئۇفكا چىنارەدەك بەستلىك بۇ ئاتامانىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى پاكارلىشىپ كەتكەندەك سەزدى. گەپ - سۆزلىرىمۇ خوپ مۇلايىملاشتى ۋە:



— مەن بۇ تىلەكلىرىنى پادىشاھقا ھازىرلا يەتكۈزىمەن. بىردەم تەخىر قىلغايلا، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، شاققىدە بۇرۇلۇپ، ئوردا تامان يۈرۈپ كەتتى. چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، مۆتىۋەر، ھۆرمەتكە سازاۋەر پادىشاھ روسكا خانلىق ئورنىدا ئولتۇراتتى. بىر توپ ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇنى ھىمايە قىلىپ تۇراتتى. پەرمانبېگى ئوردىغا كىردى ـ دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

— ئالىيلىرى، گوتلارنىڭ ئاجايىپ باتۇر بىر قوشۇنى دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كېزىپ، ئارىنى يىراق كۆرمەي دىيارىمىزنى زىيارەت قىلىپ كېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاتامانىنىڭ ئىسمى بېئوۋۇلف ئىكەن. ئۇ سىلى بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، دەيدۇ.

— كىم؟ بېئوۋۇلف؟ — ياشىنىپ قالغان پادىشاھ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى، — چاققان دېسىلە، ئۇلار نېمە ئادەملەركەن؟

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئۇلار ناھايىتى بەستلىك، قاملاشقان ئادەملەر ئىكەن، تولۇق قورالللانغانىكەن. ئۇلار ھۆرمەت قىلىشقا ئەرزىيدىكەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاتامانى ئاجايىپ جاسارەتلىك ئادەم ئىكەن، ئالىيلىرى، ئۇلارنىڭ تەلەپ ـ ئۆتۈنۈشلىرىنى رەت قىلمىغايلا.

— ھىم، ئەمدى ئويلاپ يەتتىم. بېئوۋۇلف، مەن ئۇنى كىچىك چاغلىرىمدىلا تونۇيتتىم. ئۇنىڭ ئاتىسى «شەمشەر قول» ئېلچىس ئىدى. ئۇ بېشقەدەم پادىشاھ ئېزىرنىڭ يالغۇز قىزىنى ئالغانىدى. ئېلچىس باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلغاچقا نامى يىراق ـ يېقىنلارغا تارقالغانىدى. مۇشتۇملىرى بازغاندەك، بارماقلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. تەگرى ئۇنى دانىيىلىكلەر ئۈچۈن ۋەھـ شىي يالماۋۇزدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندەك قىلىدۇ، بۇ تولىمۇ جاسارەتلىك ئادەم ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قەدرىنى قىلىـ

مەن!

روسكانىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى تۈرۈلگەن قاپاقلىرى بىر-دىنلا ئېچىلىپ كەتتى ۋە پەرمانبېگىگە:

— تېز ئۆلارنى باشلاپ كىر! مەن جامائەت ئالدىدا «داندىيەلىكلەر سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ» دەپ جاكارلاي! — دېدى.

پەرمانبېگى ئوفكا ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، بېئوۋۇفقا پادىشاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى:

— پادىشاھ ئۆزلىرىنىڭ ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. پادىشاھ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشلىرىنى بىلىدىكەن، سىلەرنىڭ خېيىمختەردىن قورقماي، دېڭىز - ئوكياندىن ئۆتۈپ زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، دېدى. سىلەرنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىق ئوردىغا كىرىشىڭلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، نەيزە - قالقانلىرىڭلارنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا قويۇپ قويۇڭلار.

بۇ گەپ بىلەن بېئوۋۇف بىرقانچەيلەننى قورال - ياراغقا قاراپ تۇرۇڭلار، دەپ دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قالدۇردى. قالغانلار سەپ بولۇپ، بېئوۋۇفقا ئەگىشىپ ھەيۋەتلىك خان سارىيىغا قاراپ ماڭدى.

بېئوۋۇف بېشىغا دۇبۇلغا، ئۈستىگە ساۋۇت كىيىپ، ئوردىغا كىردى ۋە ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى. ساۋۇت - دۇبۇلغا ئالتۇن كىرپىكلىك يۇلتۇزلاردەك چاقناپ كەتتى. ئۇ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان پادىشاھ روسكاغا سالام بەردى ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— ئالىيلىرى، سالامەت بولغايلا! مەن ھېيرانىڭ نەۋرىسى بولىمەن. ئۆسمۈر چاغلىرىمدىلا جانبازلىق بىلەن داڭق چىقارغان. مەن يالماۋۇز گوفاندانىڭ جىنايى قىلمىشىدىن خەۋەر تېپىپ، خاتىرجەم بولالمىدىم، تېپتىنچ ۋەتەن قانداقسىگە بۇنداق

بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ۋايىم يېدىم. گوتلار بىلەن دانىيىلىكلەر قېرىنداش كىشىلەر، قېرىنداشلار تالاپەت ـ ئاپەتكە ئۇچرىسا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا گوت پادىشاھى ھېيرا مېنى ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ئاپەتنى تۈگە-تىشكە ئەۋەتتى! — دېدى.

پادىشاھ روسكا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى ـ دە، باھادىرنى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەزىز مېھمان قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. بېئوۋۇلف بىلەن پالۋانلار ئول-تۇرغاندىن كېيىن، پادىشاھ كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقلىرىنى بايان ئەيلىدى:

— ئۇ يالماۋۇز بەك كۈچلۈك. ئۇنىڭ كەلگەن ـ كەتكەنلى-كىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئادەملەرنى سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپ يەۋېتىدۇ. سانغۇن ئۇنى قانداق يوقىتاي دەيلا؟

— ئالىيلىرى، پادىشاھ ھېيرا مېنىڭ ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىمنى بىلىپ مېنى ئەۋەتتى. مەن بىر قېتىم بەش ئادەم-نى يەڭگەن. بىر توپ گىگانت ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن! قاراڭغۇدا دەۋرەپ تۇرغان دولقۇندا سان ـ ساناقسىز دېڭىز ئالۋاستىسىنى ئۆلتۈرۈپ، گوتلار ئۇچۇن ئۈچ ئالغان. مېنىڭ بازغاندەك بۇ مۇشتۇملىرىم جاھاندا تەڭداشسىزدۇر. مەن ھازىرلا ئۇ يالماۋۇز-نى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن. ئالىيلىرى غەم قىلمىغايلا.

چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتتى. مېھرىبان كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

بېئوۋۇلف سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئۇ يالماۋۇزنىڭ تولىمۇ ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى، باشقىلار بىلەن ئېلىشقاندا قورال ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا سۆيۈملۈك پادىشاھ ھېيرا مەندىن پەخىرلەنسۇن، دەپ مەنمۇ قىلىچ ـ نەيزەمنى تاشلاپ، ئۇ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشماقچى بول-

دۇم! ئالىيلىرى، مۇبادا مەن يېڭىلىپ قىلىپ، يالماۋۇزغا يەم بولۇپ كەتسەممۇ، پۇشايمان قىلمايمەن. مەن ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاتىدىم. مېنىڭ ئالىيلىرىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ساۋۇت - دۇبۇلغامنى سۆيۈملۈك تاغام پادىشاھ ھېيراغا بېرىپ قويغايلار!

پادىشاھ روسكا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياش بىلەن تولدى. ئۇ تەختىدىن چۈشۈپ، بېئوۋۇفنى قولىدىن يېتىلەپ زىياپەت زالىغا ئېلىپ ماڭدى. ئەمما، تەڭرى، قىسمىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ...



## ئۈچىنچى قىسسە

# پادىشاھ روسكانىڭ كاتتا زىياپەت راسلاپ مېھمانلاردىن ھال سورىغانلىقى

ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىدىغان كاتتا قەسىردە مول زى-ياپەت ھازىرلاندى. پادىشاھ گوتلار بىلەن بىللە ئولتۇردى. مېھ-ماندوست دانىيىلىكلەر دېڭىز ئاتلاپ كەلگەن بۇ پالۋانلارغا بەس ـ بەس بىلەن قەدەھ تۇتتى. بىر ۋەزىر ئالتۇن ئاپتۇۋىدىن مېھمانلارغا تولدۇرۇپ مەي قۇيدى. غەزەلخانلار ياڭراق، خۇش ئاۋازلىرى بىلەن پالۋانلارنى مەدھىيىلىدى. نەغمە ـ ناۋا، تەبرىك-لەش، تەھسىن ئوقۇش، روھكا سوقۇشتۇرۇش ئاۋازلىرى پۈت-كۈل سارايىنى بىر ئالدى. يالماۋۇزنىڭ دەستىدىن بۇ سارايدا نەق ئون ئىككى يىلغىچە خۇشاللىق بولۇپ باقمىغانىدى، ھەسرەت ـ نادامەت ھۆكۈم سۈرگەنىدى. بۈگۈن پالۋان بېئوۋۇف دانىيىلىك-لەرگە شادلىق ئېلىپ كەلدى، زۇلمەت قاپلاپ تۇرغان ساراي نۇرلاندى. شۇنداق تۇرسا دانىيىلىكلەر قەدەھ سوقۇشتۇرماي، قانغۇچە ئىچمەي، پالۋانغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلماي تۇرالىسۇنمۇ؟

مەي ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، پادىشاھ روسكانىڭ تاتارغان چىرايلىرى شەلپەردەك قىزاردى، ئۇ ھاياجان ئىلكىدە بېئوۋۇفقا شۇنداق دېدى:

— بۇرادىرىم، مەن سىزنىڭ مېھرىبانلىقىڭىزنى، دوستانى-لىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. سىز دانىيىگە ياردەم ـ ھەمدەمدە بولغىلى ئالاھىتەن كەلدىڭىز. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەن-

ـدىم. ئەينى چاغدا ئاتىڭىز بۆرە قوۋمى خىسورانى ئۆلتۈرۈپ بالا
تېرىغانىدى. شامال قوۋمىدىكىلەر ئۇرۇش قىلىپ، ئۆچ ئالىدۇ،
دەپ ئاتىڭىزنى ئېلىپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ دەھشەتلىك دولقۇنلارنى يېرىپ، ھۇزۇرۇمغا كەلگەن.
ئۇ مەن دانىيىگە تېخى يېڭىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلار
ئىدى. تازا يېتىلىۋاتقان ئۈسمۈر چاغلىرىم ئىدى. مەن ئاتىڭىزنى
قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۆرە قوۋمىغا نۇرغۇن گۆھەر ئەۋەتىپ
بېرىپ، ئۆچ ــ ئاداۋەتنى تۈگەتتىم. ئاتىڭىز «شەمشەرقول»
ئېلچىس قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: مەن سىزنىڭ شەپقىتىڭىزگە
جاۋاب قايتۇرىمەن، دېگەنىدى! بۇگۈن بۇ يەرگە سىزنى ئاتىڭىز-
نىڭ روھى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، ــ پادىشاھ مەينى بىر ئوتلىغان-
دىن كېيىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بېئوۋۇفنىڭ قولىنى
تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئۇ يالماۋۇز تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا يۈرىكىمگە ھەسرەت
ئوقلىرى سانجىلغاندەك قاتتىق ئازابلىنىمەن. ئۇ ۋەھشىي مەلئۇن
مارال سارىيىدا ئېغىر گۇناھلارنى سادىر قىلدى ۋە قوۋملىرىم
كۈندىن ــ كۈنگە ئازايدى، كۆيۈمچان ۋەزىرلىرىم ئۇنىڭ ئالۋاستى
تىرناقلىرى ئاستىدا جان بەردى. مەن ئاراملىق تاپالمىدىم. ئاتار-
مەن ــ چاپارمەنلىرىم كەيپچىلىكتە رومكا ــ قەدەھلىرىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ سارايدا قېلىپ ئۇ يالماۋۇز بىلەن جان تىكىپ ئېلىشى-
مىز، دەپ قەسەم قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەتىسى تاڭ نۇرى
چاقناشتىن ئىلگىرى سارايىنى يەنە قان ھىدى قاپلاپ كەتتى.
سادىق نۆكەرلىرىم يالماۋۇزغا يەم بولۇپ كەتتى. ھەي! ئۇ يالما-
ۋۇز بەك كۈچلۈك، بەك كۈچلۈك.
بېئوۋۇف روسكانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، غەزىپىدىن چىش-
لىرىنى غۇچۇرلاتتى، تۆمۈر مۇشتۇملىرىنى تۈگۈۋىدى، غاراسلى-
غان ئاۋاز چىقتى. ئۇ قەدەھتىكى شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەت-
تى ۋە قەدەھنى شىرەگە جاققىدە قويۇپ تۇرۇپ دېدى:

— خان ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايلا، مەن ئۇ مەلئۇن يالماۋۇزنى يوقاتمىسام ئادەم بولماي كېتەي،

ساراي كىشىلىرىنىڭ ئالقىش - سادالىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. زىياپەتتە ياۋدىن ئۆچ ئېلىش كەيپىياتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئەمما پادىشاھ بىلەن بېھۇۋۇفنىڭ ناھايىتى يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قارا چاپانلىق بىر ئادەم ھەسەت قازىنىدا قوماچتەك پۇچىلىنىپ كەتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ مۇنازىرىچى ۋۇنفوس ئىدى.

ۋۇنفوس ئورۇق، گىروي، تاقىر باش، پىت كۆز، قۇش بۇرۇن، لەۋلىرى ياپراقتەك نېپىز كەلگەن بوۋاي ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇدھىشلىق چىقىپ تۇراتتى، زەھەردەك كىنايە گەپ قىلاتتى. ئۇ ئىچى تار، مەمەدان چۇپۇرەندە ئىدى. ئۇ شېرىن - سۇخەن سۆزلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەنلا خان ئوردىسىدا مۇنازىرىچى دېگەن ئاتاققا مۇيەسسەر بولغانىدى. بېھۇۋۇفنىڭ باتۇرلارچە يىراققا يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگكەنىدى. ئۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشۈشىنى خالىمايتتى. سارايدىكى خان جەمەتلىرى پالۋاننى ماختاپ تەرىپلەشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىچى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى، ئۇ بىر قەدەھ مەينى ئېلىپ، ئىرغاڭشىغىنىچە پادىشاھ بىلەن بېھۇۋۇفنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىنايە تەلەپپۇز بىلەن:

— ۋاي ئاتامەي، بۇ «لەھەڭ ئوغلى» بورېكا بىلەن ئېلىشقان پالۋان بېھۇۋۇف ئەمەسمۇ؟ شۇ يىلى قىشتا سىز ھېچقانچىلىك كۈچ سەرپ قىلمايلا بورېكا بىلەن ئوتا دېڭىزدا كۈچ سىناشقانىدىڭىز، سىلەر ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىزغا كىرىپ كەتتىڭلار. دېڭىز سۇيى سوغۇق بولغاچقا جاندىن ئۆتەتتى. سىلەر دەل يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلىشتىڭلار، ئاقىۋەت قانداق بولدى؟ — دېدى.



بېئوۋۇف ئۇنىڭغا نەپرەت نەزەرى بىلەن لاپپىدە قاراپ قويدى. بۇ، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. مۇنازىرىچى بىر ئوتلام شاراب ئوتلاپ قولى بىلەن جاۋغىيىدىكى شۆلگەيلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاخىر بورىكا غالىب كېلىپ، سىزنى تاشلاپ يىراقلارغا ئۈزۈپ كەتكەن، لوملۇقلارنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا غەلىبە قىلغان. ئەمما، سىزچۇ؟ سىزنىڭ قايسى يىگانە ئارالدىكى خادا تاشلاردا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىڭىزنى بىلگىلى بولمايدۇ...

«شەمشەر قول» نىڭ ئوغلى بېئوۋۇف بۇ قاقۋاش مۇنازىرىچىگە جەڭ ئېلان قىلغاندەك سوغۇق كۈلۈپ قويدى:

— قۇلاق سالغايلا، بۇرادەر ۋونفوس، قورساقلىرىغا ئۈچ قەدەھ شاراب كىرىشى بىلەنلا ۋالاقلاپ، گەپلىرى تۇگىمەيلا كەتتى. يەنە كېلىپ مەن بىلەن بورىكانىڭ سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى توغرىسىدىكى ئىشنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمىدىلە. سىلى كوچا گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ يۈرگەچكە، ئەسلىي ئەھۋالنى زىنھار چۈشەنمەيلا!

— شۇنداقمۇ؟ پالۋان بېئوۋۇف، مېنىڭ سىلىنىڭ ئۇلۇغ قەھرىمانلىق ئىشلىرىغا قۇلاق سالغۇم بار! — ۋونفوس پادشاھ روسكاغا يۈزلەنگىنىچە كۈلدى، — ئاڭلىيلىرى، سىلىنىڭ ئاڭلىغۇلىرى يوقمۇ؟

پادشاھ مۇنازىرىچىنىڭ بۇ ھالىدىن قاتتىق خاپا بولدىيۇ، ئەمما ئۇنى يۈزتۇرانە ئەيىبلەشكە ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن بېئوۋۇفقا دېدى:

— ئوغلۇم، سەن ئۇ چاغدىكى سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىنى جامائەتكە سۆزلەپ بەر، جامائەتنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيسۇن، بۇ ئەبلەخنىڭ ئېغىزى ئېتىلسۇن!

شۇنىڭ بىلەن بېئوۋۇف ئادەمنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىدىغان ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى...

— كۆپ يىللار ئىلگىرى، مەن، بورىكا، ھەر ئىككىلىمىز قېنىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان باللار ئىدۇق، ھەمىشە كۆچ سىنىشاتتۇق، ھېچنېمىدىن قورقمايتتۇق. بىر كۇنى دېڭىز بويىدا ئىككىمىز: «كىم ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، قورال - ياراقلارنى ئېلىپ دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىغا كىم ئالدىدا بارالايدۇ؟» دەپ باغلاشتۇق. شۇنداق قىلىپ بىز تولۇق قوراللىنىپ، ئۆزىمىزنى دېڭىزغا ئاتتۇق.

ھۆركىرەپ چىقىۋاتقان سوغۇق شىمال شامىلى دېڭىزنى داۋالغۇتاتتى، يەتتە گەز ئېگىزلىكتىكى دېڭىز دولقۇنى گويا تاغنى تالقان قىلغۇدەك شىددەت بىلەن يۇپۇرۇلۇپ كەلگىنىچە بىزگە ئۇرۇلاتتى. مەن دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدىم، بورىكا ماڭا ئەگىشىپ ماڭاتتى. مەن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ئىلگىرىلەشكە رايىم بارماي، پات - پات ئارقامغا قاراپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم. بىز شۇ تەرىقىدە بەش كېچە - كۇندۇز دېڭىز دولقۇنىدا تەۋرىنىپ يۈردۇق. باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمىدۇق. كېيىن رەھىمسىز دېڭىز دولقۇنى سىياھتەك قاراڭغۇ بىر كېچىسىدە بىزنى ئاخىر ئايرىۋەتتى. مەن مەۋج ئۇرۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنىدا ئۇنى چاقىردىم. ئەمما، ئۇنىڭدىن زىنھار دېرەك بولمىدى. ئۇنىڭ قەيەرگە لەيلەپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم.

مەن سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان مۇزدەك دېڭىز سۇيىدە ئۇنى ئىزدىدىم، شۇ چاغدا بىردىنلا ھىڭگاڭ چىشلىرى ئېغىزىدىن ئارىنىڭ پەنجىسىدەك چىقىپ تۇرغان بىر غەلىتە مەخلۇق كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ پانۇستەك قىپقىزىل كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى. مەن ئەسلىي بۇنداق غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ شىددەت بىلەن ماڭا ئېتىلىپ كەلدى، ئۆتكۈر چىشلىرىنى كۆكرىكىمگە سانجىدى. خەيرىيەت، ئالتۇن يالتىلدىغان دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىم مېنى قوغداپ قالدى. ساۋۇت -



دۇبۇلغىلىرىم بولمىغان بولسا ئۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى يۇرىكىمگە سانجىلىپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇ ۋەھشىي مەخلۇق مېنى شۇنداق بىر چىشلىدى ـ دە، دېڭىزنىڭ تەكتىگە سۆرەپ كىردى. كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۆزۈمنى يەنىلا تەمكىن تۇتتۇم. مەن ئۇ مەخلۇقنىڭ تىن ئالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شاققىدە شەمشىرىمنى چىقاردىم ـ دە، ئۇنىڭ يۇرىكىگە سانجىدىم. قارا مايدەك قاپقارا سېسىق قان دېڭىز بېتىگە ئېتىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەخلۇق ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە يوغان بەدىنىنى تولغاپ، ئاستا ـ ئاستا جان بەردى.

مەن بۇ غەلىبەمدىن خۇش بولۇپ كەتمىدىم، چۈنكى ئۇ مەخلۇقنىڭ قېنىدىن چىققان ھىد يەنە ئۇنىڭدىنمۇ زور، بەھەيۋەت مەخلۇقلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى، ئۇلار مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن مەخلۇقنىڭ گۆشىنى سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپ يەپ بولغاندىن كېيىن ماڭا ھۇجۇم قىلىشتى ۋە مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ئەسەبىيلەشكەن مەخلۇقلار ماڭا نۆۋەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى. مەن ئۆتكۈر قىلىچىم بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇردۇم. بۇنداق يىرگىنچلىك ئېلىشىش تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. قىلىچىمنى يېگەن مەخلۇقلار بىر ـ بىرلەپ ساھىلغا ئېتىلىپ چىقىشتى، ئۇلار ئېغىر يارىلانغاچقا ۋە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە شۇ ئۇخلىغىنىچە ئويغانمىدى. پۈتۈن ئەزايى بەدەنلىرىم ئۇ مەخلۇقنىڭ قېنى بىلەن مەينەتلىشىپ كەتتى. مەن دېڭىزدا ئۇزاق ئۈزگەچكە ۋە ئۇ مەخلۇقلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقاچقا ھېرىپ ھالىمدىن كېتىپتىمەن...

شەرق تاماندىن قۇياش كۆتۈرۈلدى. دېڭىز تىپتىنچ ھالەتكە كىردى. دېڭىز دولقۇنى مېنى دېڭىز قىرغىقىغا ئەكەپتۇ. ئۇ يەردىكى دېڭىز قىرغىقى خەتەرلىك تىك يار ئىدى. مەن دېڭىز قىرغىقىغا چىققاندىن كېيىنلا دېڭىزدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز

ئۇزگەنلىكىمنى بىلدىم. مەن ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ لاپلارنىڭ زېمىنىغا كەلگەنلىكىمنى بىلدىم.

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆمرۈمدە شۇ قېتىم ئەڭ مۇشكۈل سەپەر قىلدىم، ئېچىنىشلىق ئۇرۇشنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن دېڭىزدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكلىرىگە قارىغىنىمچە بورېكا بىلەن ئېلىپ بارغان مۇسابىقىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. مەن كېيىن بورېكانىڭ زەپەر قۇچقان قىياپەتتە لوملۇقلارنىڭ دىيارىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇ مېنىڭ بۇ مۇسابىقىدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىمنى قانداق بىلىدۇ؟

ساراي ئەھلى بېئوۋۇفنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، تەنتەنە، ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى، ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ۋونفوسنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇ يەنە تەن بەرمەي پالۋاننىڭ ئالدىدا مەمەدانلىق قىلدى.

ۋونفوس ھېيلىگەرلىك بىلەن بېئوۋۇفقا توشقۇچە مەي قۇيدى، مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان پادىشاھ روسكاغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويغىنىچە:

— ھەببەللى، باھادىرىم! سىزنىڭ ساماۋى چۆچەكلىرىڭىز بەك تەسىرلىك ئىكەن. مەن بۇنداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى.

— شۇڭقار ئوۋ نېمەتلىرىنى ئەزەلدىن كۆز - كۆز قىلمايدۇ، پەقەت قاغىلا سېسىپ كەتكەن تاپ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ قاقىلدايدۇ. مەنمۇ بۇ ئېلىشىشتا سىلىنىڭمۇ بىر ئۇلۇشلىرى بارلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. سىلى بىلەن بورېكانىڭ ھېچقايسىڭلار چىرايلىق شەمشەر - قىلىچىڭلارنى ئېلىپ بۇنداق چىرايلىق جەڭ - ئۇرۇشنى قىلىپ باقمىغان! — بېئوۋۇف ۋونفوسقا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، سىلى ئەينى چاغدا قېرىنداشلىرىنى

رەھىم قىلماي ۋەھشىيلەرچە قەتلە قىلغانىدىلە، ھېزى بولسىلا، سىلىنىڭ ياتار جايلىرى ۋەيلۈن دوزاخ بولىدۇ. مانا بۇ يامانلىقىا يامانلىقتۇر. سىلى ھەرقانچە زېرەك بولسىلىمۇ كار قىلمايدۇ، بىكار ئاۋارە بولغانلىرى بولغان!

ۋۇنفوس بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزى تۇۋاقلىنىپ، زۇۋان سۇرمەي جىم تۇردى. پەت كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى.

بېئۇۋۇف ئۇنىڭ رەددىيە بېرىشىگە يول قويماي يەنە قاتتىق تەنبىھ قىلدى:

— مەن سىلىگە دەپ قوياي، دانىيىلىك مۇنازىرىچى، مۇبادا سىلىنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىزلىرىنى دورىمىغان بولسا، قاپ يۈرەك بولمىغان بولسىلا، يالماۋۇز مىلىكىلىرىگە شۇنچە زورلۇق قىلىپ، ئالەمچە گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە پېتىنالارمىدى؟ مارال ساردىيىنى شۇنچە پاراكەندە قىلالارمىدى؟ سىلى نېمە ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى يالماۋۇزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ، دانىيە ئۈچۈن بىر ئۇلۇش كۈچ قوشاي دېمەيلا؟ دېگەنلىرىم توغرىمۇ، خاتامۇ، مۆھتىرەم مۇنازىرىچى؟

مۇنازىرىچىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. تاقىر باشلىرىدىن پۇرچاقتەك تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ تېرىكىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. بىر ھازادىن كېيىن مەينىڭ سېسىق ھىدى چىقىپ تۇرغان ئېغىزىنى ئاچتى ـ دە، رەزگى گەپلەرنى قىلدى:

— ھىم، سىز تولا ئادەمنى بوزەك قىلماڭ! بۈگۈن ئاخشام يالماۋۇز سىزنى قانداق جايلايدىكىن، كۆرۈپ باقايلى…

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن يېڭىلىپ قالغان خورازدەك پادىشاھ بىلەن بېئۇۋۇفنىڭ ئالدىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا باردى. دەردىنى شارابتىن ئالدى.

پالۋان قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئالتۇن جامنى ئېلىپ سارايغا



بىر قۇر كۆز يۇگۇرتكىنىدىن كېيىن ياڭراق ئاۋاز بىلەن دېدى:
— ئەي، دانىيىلىك دوست - بۇرادەرلىرىم، بۇگۇن ئۇ يالماۋۇز تىلغا ئېلىنىپ قالدى، مەن بۇگۇن ئاخشام شامال قوۋمى گوتلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن غەيرەت - جاسارىتىنى ئۇنىڭغا ئۇبدان تېتىتىمەن. ئۇ يەپ كەتكەنلەرنى ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي قۇستۇ- رىمەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاياتىنىمۇ تۆلىتىمەن!
سارايدا يەنە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. دوستانە دانىيە خەلقى پالۋان ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈرۈپ، پالۋانغا بەخت، ئامەت تىلىدى. پالۋانلار غەلىبە - نۇسرەت قازانغاي، دەپ تىلەشتى. باتۇر گوتلارمۇ قانغۇدەك ئىچىشىپ، يىرگىنچلىك، مەلئۇن يال- ماۋۇزنى يوقىتىش ئۇچۇن كۈچ - قۇدرەت يىغدى. سارايدا نەغمە - ناۋا ياڭرىدى. قەدەھلەرنىڭ سوقۇشتۇرۇلغان ئاۋازى، كۈلكە - چاقچاقلار ساداسى زىياپەتنى تېخىمۇ قىزىتىۋەت- تى، ئەۋجىگە چىقاردى. باياتىنقى كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئاللىقا- ياقلارغا يوقالدى. كۆكسى - قارنى دېڭىزدەك كەڭ بېئوۋۇلف ۋومفوسقا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى.
زىياپەت ناخشا - ناۋا، كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە داۋاملىشىۋا- تاتتى.
بىردىنلا سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قېلىن پەردە ئاستا - ئاستا چۇشۇرۇلدى. گۇل بەدەنلىك بىر ئايال بېشىغا ئالتۇن تاج تاقىغىنىچە ھەيۋەت قەدەملەر بىلەن سارايغا كىرىپ كەلدى. شۇ- نىڭ بىلەن پۇتكۇل ساراي بىردىنلا يورۇپ كەتتى. نەغمە - ناۋالارمۇ توختىدى. كىشىلەر نەزەرىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇردى. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن ھەيرانلىق بىلەن:
— گۇزەل خانىش ۋېىئول كەلدى! — دەپ خىتاب قىلدى.
قامەتلىك خانىش ئەللىكلەرگە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما نۇۋەر قىزدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كۈلگىنىچە لەرزان قەدەملەر بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇستۇېشىدىكى زىبۇ زىننەتلە-

ـرى ئالتۇن كىرپىكلىك يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كېتىـ ۋاتقاچ كىشىلەرگە سالام قىلدى. ئۇ سارايدىكى ھەربىر ئادەمگە كۈلگۈن چىرايى بىلەن باقتى.

خانىش روسكانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوردا قائىدىسى بويىچە سالام بەردى. ئالدى بىلەن دانىيىنىڭ دانا پادىشاھىغا لىقمۇلىق شاراب قۇيۇلغان قەدەھنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەي ـ شارابنى ئىـ چىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، شەپقەت ـ ئىنسابىڭىزنى خەلقىمگە يەتكۈزۈڭ» دەپ بەخت تىلىدى.

پادىشاھ روسكا تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، شېرىن مەينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. خانىشنىڭ نازۇك قولىنى تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

يەنە نەغمە ـ ناۋا باشلاندى. خانىش زىياپەتكە تېخىمۇ ھۆسن قوشتى. ساراي تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى، سارايدىكىلەرنىڭ تېـ خىمۇ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، بەس ـ بەس بىلەن بىر ـ بىرىگە قەدەھ تۇتۇشتى.

خانىش ۋېسئول تەۋەززۇ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن شاھانە كورسىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە پېشقەدەم سانغۇنغا ئىسىل مەي تۇتتى. كېيىن بېئوۋۇلفنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغىمۇ بىر قەدەھ مەي تۇتتى ۋە ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن:

— پالۋانىم كەلگەندە ئالدىغا چىقالماي قالدىم. پالۋان كەـ چۈرگەي. مەن دانىيىلىكلەرنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كەلگەن پالۋانغا بىر قەدەھ مەي تۇتىمەن. پالۋاننىڭ ئاپەتنى بالدۇرراق يوقىتىپ، ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشىنى تىلەيمەن! — دېدى.

بېئوۋۇلف خانىشنىڭ قولىدىن قەدەھنى ئالدى، خانىشنىڭ تىلەكلىرىدىن قاتتىق ئىلھاملاندى. ئۇ قەدەھنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ھاياجان ئىلكىدە يەنە ئەھدى ـ پەيمان

قىلدى:

— مەن لەشكەرلىرىمنى باشلاپ ماڭغاندىلا تەۋرەنمەس ئىرا-دىگە كەلگەنىدىم. مەن ئۇ رەزگى، مەلئۇن يالماۋۇزنى ئايىغىم ئاستىغا يىقىتمىغۇچە ئىرادەمدىن يانمايمەن، دانىيىلىكلەرنىڭ ئارزۇسىنى جەزمەن روياپقا چىقىرىمەن!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قەدەھتىكى شارابنى ئىچىۋەتتى ۋە قە-دەھنى قويۇپ تۇرۇپ ئاجايىپ جاسارەت بىلەن دېدى:

— مەن بۈگۈن ئاخشام مارال سارىيىنى قانغا بويىغان ئۇ رەزگى، مەلئۇن يالماۋۇز بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، دانىيىد-لىك دوستلىرىم ئۈچۈن قان قەرز ئالىمەن! بولمىسا بۇ سارايدا مەھرەم كۈنۈمنى كۆتىمەن! — دېدى.

خانىش پالۋاننىڭ بۇ ئەھدى - پەيمانىنى ئاڭلاپ، ھاياجاندىن چىرايلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ پالۋانغا يەنە شاراب تۇتتى ۋە:

— سانغۇن ئۆزلىرىنى كۆپ ئاسرىغايلا! — دېدى. كېيىن ئۇ پادىشاھ روسكانىڭ يېنىغا كەلدى.

ساراي يەنە شادلىققا چۆمدى. خۇشاللىققا چۆمگەن كىشىلەر ئۆتمۈشتىكى دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆ-ڭۈل ئىزھارىنى بايان ئەيلەشتى. ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش باشلىنىش ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەمما ھەققانىيەتچى كىشىلەرنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى.

قۇياش ئاستا - ئاستا غەرب تامانغا باش قويدى. سارايغا ئاداققى قۇياش نۇرى چۈشتى. پادىشاھ روسكا ياشىنىپ قالغاچقا سەل ھارغاندەك بولدى، ئۇ كۆڭلىدە: ھازىر يالماۋۇز پۈت - قوللىرىنى شمايلاپ سارايغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە بولۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. زېمىننى ئاستا - ئاستا تۈن پەردىسى قاپلىدى. قورقۇنچلۇق كۆلەڭگە قىستاپ كەلدى. زىياپەتنىڭمۇ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

روسكا گۈل يۈزلۈك خانىشنى تۈتقىنىچە ئاستا ئورنىدىن
تۇردى. سارايدىكىلەرمۇ بىر - بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
پادىشاھ بېئوۋوف بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىن ۋەزمېن تەلەپ-
پۇزدا:
— بالام بېئوۋۇف، مەن تۈنجى قېتىم ئىشلەتكەن يۇمىلاق
قالقاننى سارايدىكى ھېچكىمگە بەرمىگەنىدىم. بۈگۈن بۇنى سىزگە
بېرەي، بۇ سارايىنى ئوبدان ساقلاڭ! نام - شەرىپىڭىزدىن ھېزى
بولۇڭ، غەيرەت - جاسارىتىڭىزنى نامايان قىلىڭ. قۇدرەتلىك
ياۋدىن ھوشيار بولۇڭ! ئۆزىڭىز قابىل بولسىڭىز، ياۋ ئالدىدا
يىقىلمايسىز! — دېدى.
پادىشاھ شۇنداق دېدى - دە، بېئوۋۇفنىڭ يەلكىسىگە بوشقى-
نا ئۇرۇپ قويۇپ، سارايغا كىرىپ كەتتى. نۆكەرلىرى ۋە خان
جەمەتىدىكىلەرمۇ سارايدىن ئايرىلىشتى.
زېمىنغا تۈن پەردىسى يېيىلدى. سارايىنى جىمجىتلىق باس-
تى. روجەكتىن كىرگەن شامالدا شام خۇددى ئېزىتقۇ ئوتتەك
چاقناپ تۇراتتى. قورقۇنچلۇق كەيپىيات سارايىنى بىر ئالغانىدى.
يانار تاغ سۈكۈت ئىلكىدە پارتلايدۇ. قان بىلەن گۆش جىم-
جىتلىق ئىلكىدە ھاسىل بولىدۇ. بېئوۋۇف ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلى-
رى ئۆزۈندىن بۇيان تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پەيتنى
ساقلاپ تۇرۇشتى. مارالنىڭ كىمنىڭ قولىدا جان بېرىدىغانلىقى-
نى بىلگىلى بولمايتتى. كۈتۈش كېرەك ئىدى! ئاھ، تاڭ يورۇش
ئالدىدىكى زۇلمەت نېمىدېگەن قاراڭغۇ - ھە!

## تۆتىنچى قىسسە

# پالۋاننىڭ گوفاندانى قەتلە قىلىش ئوچون جەك ئېلان قىلغانلىقى

زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقانسېرى ئىزغىرىن شىمال شامىلى
ھۇشقۇيتىشقا باشلىدى. بېئوۋۇف تۆشەكتە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلى-
رىنى كىيمەي ياتقانىدى، ھەتتا شەمشىرىنىمۇ تۆشەك بېشىغا
قويۇپ قويمىغانىدى. ئۇ لەۋزى ھالال پالۋان بولغاچقا يالماۋۇز
بىلەن قۇرۇق قول ئېلىشماقچى بولۇشتى. ئۇ سارايدىكى سۇس
تۇرغان شامغا قارىدى ۋە ساراي سىرتىدىكى تىۋىشكە دىققەت بىلەن
قۇلاق سالدى. قالغان پالۋانلارمۇ سارايدا بېئوۋۇف بىلەن بىللە
تۆشەكلەردە ئۇخلىدى، قاتتىق ھارغىنلىق، كۈچلۈك مەينىڭ
كەيپىدىن ئۇلار ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولۇپ كېتىشتى.

قاقاسلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر سېسىق سازلىق بار ئىدى.
سازلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بۇلدۇقلاپ گاز كۆتۈرۈلدى. گاز بار-
غانسېرى يوغىنىدى، قاپقارا بىر غەلىتە مەخلۇق پاسكىنا سۇ ۋە
پاتقاقتىن بېشىنى چىقاردى. گۆرنىڭ ئېغىزىدەك كۆزلىرىدىن
كۆكۈچ نۇر چاقنىدى. قان تېمىپ تۇرىدىغان ئېغىزىدىن ھىڭگاڭ
چىشلىرى چىقتى. ھۆركىرىگەن ئاۋازى پۈتۈن قاقاسلىقنى تەۋرە-
تىۋەتتى. ئۇ يالماۋۇز گوفاندا ئىدى. ئۇ سازلىقتىكى تېرەن
يېرىدىكى ئۇۋىسىدىن ئويغاندى. ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن قور-
سىقى ئۇنى مارال سارىيىغا بېرىپ ئېسىل تائاملارنى يېيىشكە
ئالدىراتتى. ئۇ دانىيىلىكلەر ماڭا ئەڭ ئېسىل تائاملارنى سوۋغا

قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى، ئەمما، ئۇنى مارال سارىيىدا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك پالۋاننىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقى ھەرگىز خىيالىغا كەلمىگەندى. ئۇ بۇ قېتىم ئېسىل تائاملارنى يېيەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

يالماۋۇز سارايغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش رەزىل تىرناقلىرى بىلەن سارايىنىڭ ھىم ئېتىلگەن دەرۋازىسىنى ئۇرۇۋىدى، دەرۋازا ئېچىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شۇمپەنلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سارايغا كىرىپ، گۈللۈك كاھىشقا دەسسەپ تۇردى ۋە زەھەرخەندىلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئوۋ نېمەتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ گوتلۇق پالۋانلارنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجايغىنىچە:

— پاھ، دانىيىنىڭ قېرى پادىشاھى نېمىدېگەن مەرد. بۈگۈن ئاخشام شۇنچىۋالا كۆپ مەززىلىك تائاملارنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇ! — دېدى. رەزگى يالماۋۇز ئۇلارنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىرىنىمۇ قويماي پۇتۇنلەي يەۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

بېئوۋۇف تۆشەكتە يېنىچە ياتقانىدى، يالماۋۇز كىرىشى بىلەنلا پالۋاننىڭ كۆزىگە چېلىقتى. پالۋان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، يالماۋۇزنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ماڭا قانداق ھۇجۇم قىلىدىكىن، دەپ قاراپ تۇردى. پالۋان كۆڭلىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ كۆرەي، ئۇنىڭ قانداق چارە، ئامالى بار ئىكەن، كۆرۈپ باقاي، دەپ ئويلىدى.

شۇ ئەسنادا يالماۋۇز شىددەت بىلەن تۆشەك ئالدىغا كېلىپ قاتتىق ئۇيقۇغا پاتقان بىر لەشكەرنى تۇتتى - دە، ئۇنى پارە - پارە قىلىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئېغىزىغا سالدى. لەشكەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى غاراسلىتىپ چاينىدى، لەشكەرنىڭ قانلىرى تەرەپ - تەرەپكە چاچراپ كەتتى. بۇ لەشكەر ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتتى. بۇنداق

ئىچىنىشلىق ئەھۋالغا ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئايرىلغان پالۋان غەزەپتىن پۇچىلىنىپ كەتتى، چىشلىرىنى چىشلەپ پەيت كۈتۈپ تۇردى. يالماۋۇز بېئوۋۇفنىڭ چىناردەك بەستىنى كۆرۈپ، بايا يېگەنلىرىم ئورۇق نەرسىلەر ئىكەن، چىشلىرىمنىڭ ئارىسىدا قالدى، ماۋۇ يامان ئەمەسكەن، خېلى سېمىزكەن، دەپ ئويلىدى - دە، بېئوۋۇفقا رەزىل قوللىرىنى سوزدى. يالماۋۇز چوتنى خاتا سوققانىدى، ئۇ قولىنى پالۋانغا سوزۇشىغا پالۋان شاققىدە ئۆرۈلدى - دە، يالماۋۇزنىڭ بىلىكىنى ئېغىر بەستى بىلەن بېسىۋالدى. ئاغرىققا چىدىمىغان يالماۋۇز ئىچىنىشلىق ھالدا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، ۋارقىرىغان ئاۋازدىن لىم - تورۇسلاردىكى توپا - چاڭلار ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى. يالماۋۇز پالۋاننىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرماشقان بولسىمۇ، پالۋاننىڭ ئالىقىنىدىن يولقۇنۇپ چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بۇ پالۋاندىن قۇدرەتلىك ئادەم يوقلۇقىنى بىلدى. يالماۋۇز ھازىرغىچە شۇملۇقلانى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىغانىدى. پالۋان ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدى، پالۋان ئورنىدىن تۇردى - دە، يالماۋۇزنىڭ قوللىرىنى قوناق شېخىنى سۇندۇرغاندەك قاراسلىتىپ سۇندۇردى. يالماۋۇز ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي سىرتقا قاراپ قېچىش ئۈچۈن تىركەشتى. پالۋان ئۇنى تاپ باستۇرۇپ قوغلىدى. يالماۋۇز ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۇرۇندى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى قانداق يەرگە دالدىغا ئالسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئىلاھىم مارال سارىيى بولسىمۇ، سېسىق سازلىقتىكى ئۇۋىسى بولسىمۇ بولىۋېرەتتى.

ئىنسان بىلەن يالماۋۇز ئوتتۇرىسىدا بىر قەپەس قاتتىق ئېلىشىش بولدى. پۈتۈن ساراي تەۋرەپ كەتتى. بۇ بىر جۈپ ئۆچمەنلەر قەيەردە ئېلىشقان بولسا شۇ يەردە ئالتۇن كورس بۇزۇلۇپ چىقتى. ساراي ئىچىنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى، ھەممە

يەرنى چالما - كېسەكلەر قاپلاپ كەتتى. گوت پالۋانلىرى نەيزە - قىلىچلىرىنى ئويىنىتىپ بۇ ئۇرۇشقا ھەمدەم بولدى. ئەمما، يالماۋۇز قانداق ئەپسۇن ئوقۇۋالدىكىن، ئۇنىڭغا ئۇرۇلغان نەيزە - قىلىچ كار قىلمىدى. پەقەت بېئوۋۇلفنىڭ تۆمۈردەك مۇشتۇملىرىلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى.

ساراي ئىگرايتتى، پالۋانلار ھۆركىرەيتتى، يالماۋۇز ھۇۋۇلايتتى، پۇتۇن قەلئەنىڭ ساھىبلىرى، دانىيىنىڭ پالۋان - ئەزىمەتلىرى شۇركىنىپ كەتتى. ئۇلار بۇنداق قاتتىق ئېلىشىشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار پالۋانلاغا مەدەت بېرىشتى، پالۋانلارنى ئىلھاملاندۇردى. نىھايەت، مەلئۇن يالماۋۇز ھەققانىيەت پالۋانلىرى ئالدىدا جان بەردى.

ئېچىنىشلىق، يات بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، يالماۋۇز ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بايان ئەيلىدى. بېئوۋۇلف يالماۋۇزنىڭ قانغا مىلەنگەن - دانىيىلىكلەرنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان رەزگى بىلەكلىرىنى تولغىدى. جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان يالماۋۇز مارال سارىيىدىن مىڭ بىر جاپادا قېچىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ قاقاسلىقىدىكى مۇدھىش ئۇۋىسىغا قاراپ تىكىۋەتتى، بەدەنلىرىدىن ئاققان قاپقارا قانلار يول بويى توختىماي تامچىلاپ ئاقتى.

بىر قەپەس قانلىق ئېلىشىش ئاخىرلاشتى. سارايىنىڭ تىنچلىقى ئەسلىگە كەلدى. بېئوۋۇلف بىلەن ئۇنىڭ پالۋانلىرى قانغا بويالدى، چاڭ - توزانلارغا مىلەندى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا كۆلكە - تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇلار ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق قاتتىق ئۇرۇشقا دۇچار بولغاچقا دەسلەپتە سەل قورققان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا ئۆزلىرىنى تۆشەككە تاشلاپلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. بېئوۋۇلفمۇ تۆشەككە يۆلەنگىنىچە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ نۇرى سارايغا چۈشتى، گوتلۇق پالۋانلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى، ئۇلار سارايىنىڭ

سىرتىدا نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ يىغىلغانلىقىنى، يىراق ـ يېقىن-
دىن كەلگەن قەبىلە ئاقساقاللىرىنى كۆردى. ئۇلار يالماۋۇزنىڭ
ئېغىر يارىلىنىپ، تىكمۇەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار يالماۋۇزدىن
ئاققان قان ئىزىنى بويلاپ ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ باردى.
سازلىقنىڭ چوڭقۇر يەرلىرى سېسىق قان ھىدى بىلەن تولغان-
دى، سېسىقچىلىق چىقىپ تۇرىدىغان سازلىق كۆۋەجەپ تۇراتتى.
ئۇلار يالماۋۇز ئۆلگەن ئوخشايدۇ، ئۇنى سازلىق يۇتۇپ كەتكەن
ئوخشايدۇ، دەپ جەزملەشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مارال
سارىيىغا قايتىپ كېلىشتى. لەشكەرلەر ئارغىماقلىرىغا مىنى-
شىپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە زەپەر مارشىنى ياڭرىتىشتى.

بېئوۋۇفنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى كىشىلەر ئې-
غىزلىرىدا داستان قىلىشتى. شىمالىي دېڭىز ـ بالتىق دېڭىزى
قانىلى ئەتراپىدىكى يەرلەردە ئۇ تەڭداشسىز قەھرىمان دەپ تەرىپ-
لەندى!

مارال سارىيىغا بارىدىغان يولدا پېشقەدەم، ييگى لەشكەرلەر
چىرايلىرىدىن كۆلكە ياغدۇرغىنىچە تۇرۇشقانىدى، لەشكەرلەر-
نىڭ قانلىرى ئۇرغۇپ تۇراتتى، جاسارىتى ئۇستۇن ئىدى. جەڭ
ئاتلىرى چاپچىپ تۇراتتى، تۇپتۇز يولدا بىر ـ بىرىنى قوغلىشات-
تى، بىر ـ بىرىگە يول بەرمەيتتى. سانغۇنلار ئاپەت ئۆتۈپ
كەتتى، ئەمدى نۇرلۇق چاغلار قاچان يېتىپ كېلەر، دېيىشتى.
باھادىر ـ پالۋانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپە ـ نەتىجىلىرىنى مەدھىيىلەش-
تى... يولدا توپا ـ چاڭلار كۆتۈرۈلدى. يول بويى شادىيانە كۈيلەر
ياڭرىدى، كۆلكە ـ چاقچاقلار ئەۋجىگە چىقتى.

بىر غەزەلخان بار ئىدى، ئۇ پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى
ئادەم ئىدى. ئۇ تارىخ، شېئىرىيەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇ
قەدىمىي بىر غەزەلنى ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئېيتىپ شېئىردەك
گۈزەل بىر قىسسەنى بايان ئەيلىدى. تارىختىكى قەھرىمانلار قاتا-
رىدا بېئوۋۇفنىڭ قەھرىمانە ئىش ـ ئىزلىرىنى مەدھىيىلىدى.



قىسسەگە نۇرغۇن يوشۇرۇن ئوخشىتىشلار ۋە سۆيۈنۈشلەر مۇ-
جەسسەملەشكەنىدى...
- بۇرۇن ۋارشى پادىشاھ فورسۇننىڭ ئون ئوغۇل، بىر
قىزى بار ئىدى، چوڭ ئوغلى ‹غالىبىيەتچى›، سىمون ۋە قىزى
شىگنىل قوشكېزەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان
مېھرى - مۇھەببىتى قويۇق ئىدى. ۋارشى پادىشاھ-
نىڭ قىزى گوت پادىشاھى شىگىرگە ياتلىق قىلىنغانىدى.
كاتتا توي زىياپىتى بولۇۋاتقاندا بىر يەكچەشمە ئادەم كىرىپ
كەلدى - دە، بىر شەمشەرنى سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ
چوڭ دەرەخكە سانجىدى ۋە بۇ شەمشەرنى كىم تارتىپ ئالالىسا
شۇنىڭ بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر شەم-
شەرنى دەرەختىن تارتىپ ئالماقچى بولۇشتى، ئەمما شەمشەرنى
دەرەختىن ھېچكىم تارتىپ ئالالمىدى. نۆۋەت شاھزادە سىمونغا
كەلگەندە ئۇ شەمشەرنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، شۇنداقلا بىر تارتى-
ۋىدى، شەمشەر ئۇنىڭ قولىغا چىقتى. تويى بولغان يىگىت شى-
گىر ئۇنى كاتتا مۇكاپاتلاش بىلەن بىرگە يەنە شەمشەرلىرىنى
ئالماشتۇرماقچى بولۇشتى. ئەمما، سىمون رەت قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن شىگىر قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپال-
ماي قالدى.
شىگىر كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كەلدى. كېيىن ئۇ ئاتىسىغا
بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ فورسۇننى ئۆلتۈرۈپ،
ئۇنىڭ ئون ئوغلىنىڭ بويۇنلىرىغا قوۋۇق تاقاپ، ئورمانلىقتا
باغلاپ قويۇپ، قېرى چىشى بۆرىگە يەم قىلىپ بەرمەكچى بولدى.
قېرى چىشى بۆرى بىر كېچىدە بىرنى يېدى. ئاخىر نۆۋەت
سىمونغا كەلدى. سىمۇننىڭ سىڭلىسى شىگنىل بۇ ئىشتىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ساداقەتمەن بىر قۇلىنى سىمون-
نىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ھەسەل سۈرتۈشكە بۇيرۇدى. بۆرە ھەسەل-
نى يالاشقا باشلىدى ۋە تىلىنى سىموننىڭ ئېغىزىغا تىقتى، پۇر-

سەت كۈتۈپ تۇرغان سىمون بۆرىنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋال-دى. ئازابقا چىدىيالمىغان بۆرە قاتتىق ھۆۋلاپ كەتتى. شۇنىڭ-دىن باشلاپ سىمونىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى باشلاندى.

شىگنىل شىگىرگە ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇلار ئون ياشلارغا كىرگەندە شىگنىل سىلەر سىمونىنىڭ رەقىبىدىن ئۈچ ئېلىشقا ياردەملىشىڭلار، دېدى. ئەمما، بۇ ئىككى بالا توخۇ يۈرەك بولغاچقا تاغىسىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئەجەل تىغى يىدى. شۇنىڭ بىلەن شىگنىل ئايال پىرىخون بىلەن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئورمانلىققا بېرىپ، ئاكىسى بىلەن ئۈچ كېچە بىللە ئۇخلىدى. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەسلىي ھالىتىگە كېلىپ، فېترانى تۇغدى ۋە ئۇنى «تەنھا بۆرە» دەپ ئاتىدى. بالا ئون ياشقا كىرگەندە سىگنىل ئۇنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىنى ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ياماپ، كېيىن چاپاننىڭ يېڭىنى بىلەكلىرىنىڭ گۆشلىرى بىلەن قوشۇپ سويۇپ ئالدى.

ئەمما بالىدا قورقۇش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بالا مەردانىلىق بىلەن:

— بۇنچىلىك ئاغرىق فورسۇن ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن قاند-چىلىك ئىش ئىدى! — دېدى.

كېيىن شىگنىل ئۇنى يەنە خېمىر پىشۇرۇش ئارقىلىق سى-نىدى (خېمىرنىڭ ئىچىگە بىر يىلان تىقىپ قويغانىدى)، كېيىن ئۇ سىمون بىلەن بىللە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. تاغىسىدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلماي، راھەت - پاراغەتتە، جاپا - مۇشەققەتتە بىرگە بولدى، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ - ئۇرۇشلارنى قىلدى.

بىر قېتىم ئۇلار ئورمانلىقتا بۆرە ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا، بۆرە ئادەم قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويغان بۆرە تېرىسىنى خاتا يېپىنىۋالغاچقا، ئۇلار راستىنلا ياۋا بۆرىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلار ئەتراپىنى قورشىۋالغان ئوۋچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇلار بۇ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ئون كۈن دېگەندە ئاران بۆرە تېرىسىدىن قۇتۇلدى. ئۇلار مەڭگۈ ياۋا بۆرىگە ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالدى. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇلار ئاتىسى ئۈچۈن قىساس ئېلىش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قالاتتى.

كېيىن ئۇلار شىگىنىلنىڭ سارىيىغا يوشۇرۇنچە كىردى. شىگىنىلنىڭ ئىككى ئوغلى ئويناۋاتاتتى. ئۇلار يات ئادەملەرنى كۆرۈپ، دەررۇ ئاتىسىغا خەۋەر قىلىشتى. شىگىنىل ئىككى بالىنىڭ چولڭ ئىشلارغا زىيان يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ، قېتراغا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەت، دەپ پەرمان قىلدى. ئىككى قىساسكار قاتتىق ئېلىشتى، ئاخىرى ئۇلار تىرىك تۇتۇلۇپ قالدى، شىگىر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تاش گۆرگە سولاپ قويدى. ئەمما، شىگىنىل ئۇلارغا سىموننىڭ قىلىچىنى ئوغرىلاپ ئەكىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاش گۆرنى چېپىپ ئاچتى ۋە ئوت يېقىپ، گوت پادىشاھىنىڭ سارىيىنى يورۇتتى. شىگىر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، قۇتۇلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كېچىككەندى.

سىمون سىگلىسىنى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە دەۋەت قىلىدى، ئەمما، شىگىنىل رەت قىلدى. ئۇ: «ئاتام ئۈچۈن قىساس ئېلىش نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىش ـ ھە! ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلغان تۇرسام! بۇ گەپچە مەن بۇ دۇنيادا ياشىيالمايدىغان ئوخشايمەن. شىگىر شاھقا ئۆزۈم خالاپ ياتلىق بولمىغان بولسامۇ، ئەمما مەن ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس بولۇپ قالدىم!» دېدى. ئۇ ئاكىسى بىلەن ئوغلىنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئوت بىلەن دەپنە قىلىنغان ئېرىگە ۋە سارايدىكى جىمى كىشىلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى...

غەزەلخان ئادەمنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىدىغان قىسسەنى سۆزلىدى. سانغۇن ـ لەشكەرلەر پۈتۈن ئېتىبارى بىلەن ئاڭلى-







دى. ئاتلار تۇياق تىۋىشىنى ئاڭلاشتى. ئۇلار غەزەلخاننى قىسـ‌ـسەنى داۋاملاشتۇرسىڭىزكەن، دەپ ئالدىراتتى. غەزەلخان سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپكە شۈبھى نەزەرى بىلەن قارىغاچ قىسسەنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— سىمون پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۆل رەڭ قىيادىكى بىر ئۆڭكۈرگە بۇرۇنقى كىشىلەر سانسىزلىغان ئۇنچە ـ مەرۋايىت يوشۇرۇپ قويغانىكەن، بىر چار زەھەرلىك ئەجدىھا ئۆڭكۈر ئېغىزىنى كېچە ـ كۈندۈز ساقلايدىكەن، بۇ بايلىقنى ئېرىشىپ، ۋارىسىنى تېپىشقا قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن «غالىبىيەتچى» سىمون پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ئەجدىھا بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. سىمون ئەجدىھانى مىسران قىلىچىنى تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆڭكۈردىكى بايلىقنى ئېرىشىپتۇ ۋە كۆزىنى چاقنىتىدىغان بۇ بايلىقلارنى كېمىگە قاچىلاپ،

غەلىبە بىلەن قايتىپ كەپتۇ. ئەجدىھا بولسا كۆچلۈك ئوتتا كۆيۈپ كۆل بولۇپ كېتىپتۇ. سىموننىڭ بۇنداق قەھرىمانە ئىش - ئىزلىرى خەلقىئالەم ئالدىدا تىللاردا داستان بوپتۇ.

— بەللى، ئەجەب ياخشى سۆزلىدىڭىز بۇ قىسسەنى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى بىر ئاتلىق سانغۇن ھاياجانلانغىنىچە. قاتتىق ئىلھامى كەلگەن غەزەلخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىسسەسىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇتتەھەم خېلىمۇ باشلىغان ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن زەپەر قۇچقان سىمون پۈتۈن قەبىلىگە باش بولدى. ئۇ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ياكى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان چاغلىرىدا بولسۇن، قەھرىمان - باھادىرلىق شان - شەرىپى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولدى. ئەمما، دانىيىنىڭ مۇتتەھەم، زوراۋان پادىشاھى خېلىفمۇ ئەرزىمەس، رەزگى، چۈپرەندىگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇ دانىيىدىكى ئاۋام - پۇقرالارنىڭ ۋە ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادىلەرنىڭ يۈرىكىنى يېگەن زەھەرلىك چايان دەپ قارالدى. دەسلەپتە نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭ ياردىمىگە تايانغان، ئۇنىڭ ئاۋام - پۇقرالىرىنى، بايلىقلارنى ۋە قەلئە - سېپىللارنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى، ئۇنىڭ بۇنداق چاكىنا، چۈپرەندە ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن، ئۇ ئاۋام - پۇقرالارغا قاتتىق زىيان سالدى، ۋىجدانسىزلىق بىلەن ئەسكىلىك قىلدى. ئەلنى خاراب-لاشتۇردى، زېمىننى ۋەيران قىلدى. ئاخىر ئۇ بۈيۈك ئادەملەر قوۋمى ئارىسىدا دۈشمەنگە سېتىلىپ، ئۆزىنىڭ مەھشەر كۈنىنى كۈتۈۋالدى.

كېيىن غەزەلخان قاتتىق ھاياجانلانغىنىچە:

— ھېيراننىڭ نەۋرىسى — پالۋان بېئوۋۇف بارچە قوۋملىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان مۇتتەھەم خېلىفمۇ جاجىسىنى يېدى، — دېدى.

غەزەلخان قىسسەنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن داغدام يولدى-

كى چەۋەندازلار گۈلدۈراس ـ ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى.
يولدا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئەمدىلەتىن كۆتۈرۈلگەن چوغدەك
قۇياشنىڭ يۈزىنى توسىدى. لەشكەرلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى،
ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، قامچىلىرىنى تاراسلىتىشتى. ئادەمنى
هەيرەتتە قالدۇرغۇدەك قانلىق جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن
گۈزەل مارال سارىيى يىراقتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى...



## بەشىنچى قىسسە

# روسكانىڭ زىياپەت راسلاپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەنلىكى

سەلتەنەتلىك مارال سارىيىنىڭ ئالدى مىغ ـ مىغ ئادەم بىلەن تولدى. نام ـ شۆھرىتى پۈتۈن جاھانغا تارالغان دانىيىنىڭ پېشقەدەم پادىشاھى روسكا بۈيۈك لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى. كېنىزەكلەرنىڭ ھىمايىسىدە خانىش ۋېسئولمۆ پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ، ھەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن بۇ قەھرىمان سارايغا يېتىپ كەلدى.

پادىشاھ روسكا ئۇچىسىغا ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن پەرىجە ئارتىۋالغان، بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىۋالغانىدى. ئۇ «ياشىسۇن» دېگەن تەنتەنە ـ ئالقىشلار ئىچىدە سارايىنىڭ پايىسىگە قەدەم قويـدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالتۇن نۇر چېچىپ تۇرغان ئېگىز تورۇسلارغا ۋە يالماۋۇزنىڭ تورۇسقا ئېسىلىپ قالغان ئېپلاس قولىغا قارىغىنىچە قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ شۇ تەرىزدە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا بۇرۇلۇپ، پەستىكى سانسىزلىغان ئاۋام ـ پۇقرالارغا قارىدى ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن خىتاب قىلدى:

— سۆيۈملۈك پۇقرالىرىم، بىز قادىر ساھىبقىرانىمىزغا رەھمەت ـ ھەشقاللا دەيلى! سىلەر لىمغا ئېسىلىپ قالغان يالماۋۇزنىڭ ئېپلاس قولىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ يالماۋۇز دانىيىلىك-

لەرنى نەق ئون ئىككى يىل ئاۋارە قىلدى. بىزنىڭ نۇرغۇن پەرزەنتلىرىمىز ئۇ مەلئۇننىڭ ئىپلاس قولىدا قۇربان بولدى، ئۇ گۈزەل پاك زېمىنىمىزنى دەپسەندە قىلدى. ئۇلۇغ پەرۋەردىگار بىزگە شامال قوۋمى گوتلارنىڭ پالۋاننى ئەۋەتىپ باش ئۇستىمىزدىكى قارا بۇلۇتلارنى سۈر - توقاي قىلىپ، ئەل - ۋەتەننى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇلدۇردى. ئۇ - بېئوۋۇلف بىزنىڭ نىجاتكارىمىز. ئۇنىڭ تۆھپىسى ھەربىر دانىيىلىكنىڭ يۈرىكىگە نەقىش قىلىپ ئويۇلسۇن!

پادىشاھ شۇنداق دېدى - دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— بېئوۋۇلف، مەن سىزگە ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئوغلۇمدەك قارايمەن. بىز ئاتا - بالا بولايلى، بۇنداق ئاتا - باللىق مۇھەببەتنى قەدىرلەڭ! بۇ دۇنيادا ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھېچنېمىدىن قىسىلمايسىز. قادىر تەڭرىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغاي تەڭرىم سىزگە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي!

بېئوۋۇلف ھاياجان ئىلكىدە پادىشاھنىڭ يېنىدىن دەس تۇردى ۋە ئاتىلىق مۇھەببىتىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغىنىچە جاۋابەن دېدى:

— خان ئاتامنىڭ مەن ئۈچۈن بەخت تىلىگەنلىكىگە رەھمەت، مەن بۇ غەلىبىنى ئۇ يالماۋۇز بىلەن قانلىق ئېلىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۈم. ئۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خان ئاتام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا بوپتىكەن، دەپ كەتتىم. مەن ئەسلىدە ئۇنى بازغاندەك مۇشتۇملىرىم بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەي دېگەنىدىم، ئەمما تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم. ئۇ قاتتىق يارىلانغاچقا بىرقانچە كۈنمۇ ياشىيالماي، ئەجەل سىرتمىقى سىلىندى. تەڭرى ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ ئۆلتۈردى، ئۇ گۇناھىغا لايىق جاجىسىنى يېدى.



پادىشاھ روسكا پالۋاننى يېتىلەپ، مارال سارىيىنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا كەلدى. خانىش ۋېسىئولىمۇ كۆلگۈن چىرايى بىلەن ئۇلار-نىڭ يېنىدا لەرزان قەدەم تاشلاپ ماڭدى. ۋونفوس بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. خۇددى تورۇسقا ئېسىلىپ قالغان يالماۋۇزنىڭ بىلىكى ئۇنىڭغا قاتتىق ئۇرۇلغاندەك، ئۇ جەڭ تۆھپىلىرىنى پەش قىلالمىدى.

خان، خانىش، ئېسىلزادىلەر يالماۋۇزنىڭ تورۇسقا ئېسىلىپ قالغان غايەت زور بىلىكىنى كۆردى. ئۇلار ماڭغاچ مۇھاكى-مە قىلىشتى:

— قاراڭلار، ئۇنىڭ ھەربىدەك ئۆتكۈر تىرناقلىرىغا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق تىرناقلار ئۇ!

— ئاڭلىسام نۇرغۇن جەڭ - ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قەدىمىي خەنجەرلا ئۇ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرەلەيدىكەن. شۇنداق شەمشەر بولغاچقىلا يالماۋۇزنىڭ كۆسەيدەك قارا ھەم توم بىلىكىنى كەسكەن گەپ.

— گوت شاھزادىسىنىڭ كۈچى بولغاچقا، ئۇ يالماۋۇزنىڭ قولىنى قۇرۇق قول قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكەن!

—...

سارايدىكى كىشىلەر ئالدىراش بولۇشۇپ كەتتى، ئەر - ئاياللار زىياپەت تەييارلىقى ئۈچۈن تۇتۇندى. سارايىنى بېزىدى. تاملارغا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك زەر يىپتىن توقۇلغان زىلچا ئېسىلغانىدى، كىشىلەر ئۇدۇل تەرەپتىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، مەستانە بولۇشتى، كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىشتى. بۇ ساراي ناھايىتى پۇختا سېلىنغانىدى. سارايىنىڭ ئىچى - تېشى تۆگەل تۆمۈر ھالقا - زەنجىر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغاچقا شۇنداق دەھشەتلىك ئېلىشىشلاردىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەي ئامان قالدى. جىددىي تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق سارايدىكى بۇزۇلغان ئۇستەل - ئورۇندۇقلار رېمونت قىلىندى. يالماۋۇزنىڭ قان

داغلىرى يۇيۇپ، سۈرتۈپ پاكىزلاندى. سارايىنىڭ تۆت ئەتراپىغا كۆچە يېقىلىپ، قان ھىدى پۈتۈنلەي تازىلىنىۋېتىلدى. مارال ساردىيى يەنە بۇرۇنقىدەك ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى.

خاقانىنىڭ ئوغلى روسكا ۋە خانىش ۋېسئول گوت پالۋانى بېئوۋۇلفقا ھەمراھ بولۇپ سارايغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

خان جەمەتىدىكىلەر، قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارنىڭ چىرايلىرىدىن نۇر چاقنىدى، روھى جۇشقۇن ھەم كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. مارال سارىيى شادلىققا چۆمدى، غەلىبىنى تەبرىكلەش كاتتا زىياپىتى باشلاندى.

ئۇلۇغ خان ئالىيلىرى ئالتۇن تەختىدىن تۇرۇپ، مۇلازىملارغا پالۋانغا سوۋغا ـ سالام تارتۇقلاڭلار، دەپ بۇيرۇدى...

بىر دانە زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن تۇغ، بىر ساۋۇت، بىر دۇبۇلغا، گۆھەر كۆز قويۇلغان بىر شەمشەر بېئوۋۇلفقا سوۋغا قىلىندى.

ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان بۇ ئەتىۋارلىق سوۋغىلار بېئوۋۇلفنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بۇ دانىيىلىكلەرنىڭ پالۋانغا قايتۇرغان جاۋابى، لەۋزى ھالال پادىشاھ روسكانىڭ سەمىمىي كۆڭلى ئىدى.

پالۋان لىقمۇلىق بىر قەدەھ مەينى ئىچكەندىن كېيىن چەكسىز رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى. شۇ ئەسنادا پادىشاھ روسكا تەنتەنە بىلەن دېدى:

— سۆيۈملۈك ئوغلۇم، باھادىر پالۋىنىم، مەن ۋە پۇقرالىرىم سىزنىڭ جەڭدە قازانغان تۆھپە ـ ئۇتۇقلىرىڭىزغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز! مەن ھازىر سىزگە تۆت دانە قىممەتلىك نەرسىنى سوۋغا قىلىمەن، ئوبدان ساقلىغايسىز. ئۇ جەڭ تۇغى سىزنىڭ نام ـ تۆھپىڭىزنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ؛ ئالتۇن ساۋۇت، دۇبۇلغا چىناردەك بەستىڭىزنى زىديان ـ زەخمەتتىن ساقلايدۇ. گۆھەر بىلەن بېزەلگەن شەمشەر



ياۋ - دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، تېخىمۇ پارلاق نەتىجە يارىتىشىڭىز ئۈچۈن ئەسقاتىدۇ!

بېئوۋۇف سوۋغىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن پادىشاھقا باش ئۇرۇپ سالام قىلدى:

— شاھ ئاتامنىڭ ئىنئام قىلغانلىقىغا رەھمەت! ئالىيلىرىنىڭ شەپقەت - ئىنايەتلىرى پۈتۈن جاھانغا تارالغاي، مېنىڭ كىچىككىنە تۆھپەم بۇنچىۋالا قىممەتلىك سوۋغا - سالاملارغا لايىق كەلمەيتتى!

پادىشاھ پالۋاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— ئوغلۇم، كەمتەرلىك قىلماڭ، خان ئاتىڭىزنىڭ سىزگە بېرىدىغان يەنە سوۋغات - ھەدىيىلىرى بار، — دېدى.

پادىشاھ شۇنداق دېگەندىن كېيىن مۇلازىملارغا سوۋغىلارنى ئەكىرىڭلار، دەپ قول ئىشارىسى قىلدى. مۇلازىملار ئالتۇن ئىگەرلىك سەككىز ئارغىماقنى سارايغا يېتىلەپ كىردى. ئالدىدا يېتىلەپ كىرگەن ئارغىماق ئاجايىپ ئېسىل ئات ئىدى، ئات چاپچىيتتى، كىشنەيتتى. كىشىلەر بۇ ئاتنىڭ پادىشاھ روسكا ئامىراق، ھەمىشە خاس ئۆزى مىنىدىغان ئات ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ئەينى چاغلاردا پادىشاھ روسكا جەڭ - يېغىلىقلاردا مۇشۇ ئاتقا مىنىپ، خېيىمخەتەرلەردىن ئامان ئۆتۈپ، ياۋ قولىدىن ئۆز ۋەتىنىنى تارتىۋېلىپ، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە ياراتقانىدى.

— ئوغلۇم بېئوۋۇف! تۇزۇت قىلماي قوبۇل قىلىڭ. بۇ داڭلىق ئات جەڭ - يېغىلىقلاردا تولىمۇ ئەسقاتقانىدى. مەن مۇشۇ ئاتنىڭ ياردىمىدە، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان. ھالا بۈگۈنكى كۈندە مەن قېرىپ، قەھرىمانلىق جاسارىتىمنى ئۇرغۇتالماي قالدىم. ئەمدى بۇ ئات سىزگە — يېڭىلمەس قەھرىمانىمغا مەنسۇپ. بۈگۈن سىزگە بۇ ئاتنىمۇ سوۋغا قىلدىم. بەخت - ئىقبالىڭىز پارلاق بولغاي. ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغايسىز.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ساراي تەۋرەپ كەتتى، تەنتەنىگە چۆمـ
ـدى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، قەلەم ـ ئەمەلدارلار ئارقا ـ ئارقىدىن قەدەھ تۇتۇشۇپ، پادىشاھ روسكانىڭ شەپقەت ـ ئىنايىتىنى ۋە ھاتەمدەك مەرد ـ سېخىيلىقىنى مەدھىيىلەپ تەرىپلەشتى. گوت پالۋىنى بېئوۋۇلفنىڭ ئۇلۇغ شان ـ شەرەپ قۇچقانلىقىنى ۋە سوۋغا ـ تارتۇقلارغا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەشتى.

كېيىن ئادىل، دانا پادىشاھ روسكا يەنە دەھشەتلىك دولقۇنـ
ـلارنى يېرىپ، ھايات ـ ماماتىغا قارىماي دېڭىزدىن ئۆتۈپ كەلگەن باشقا پالۋان ـ باھادىرلارغىمۇ ئېسىل قەدىمىي شەمشەرنى تەقدىم قىلدى. يالماۋۇزنىڭ زەربىگە ئۇچرىغان لەشكەرگىمۇ ھەسسىلەپ ئالتۇن تەقدىم قىلدى ۋە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

نەغمە ـ ناۋا يەنە باشلاندى. يېقىملىق كۈي ـ ناۋالار سارايىنى بىر ئالدى، غەزەلخان پادىشاھ بىلەن ئەزىز مېھمانلارغا ھەسرەتـ
ـلىك، مۇڭلۇق كۈيلەرنى كۈيلەپ بەردى. ئۇ رەت ـ رەت قويۇلـ
ـغان ساپـالارنـى بويـلاپ دانىيـەلـىكلەرنىڭ تارىخىنى — «فوينبروگ» نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەردى:

— قىسسە ناھايىتى بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا دانىيە ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىدى. پادىشاھ خوكنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى شىناف ئىدى، ئۇ تولىمۇ بەستلىك، شىر قامەت ئىدى. ئەمما، مىجەزى ئوسال بولغاچقا پات ـ پات كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن قوشنا ئەللەرگە كېڭەيـ
ـمىچىلىك قىلاتتى. خوكنىڭ يەنە بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى شىربىل ئىدى، ئۇ گۈزەل، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇ جەنۇبىي فۇرسلارنىڭ پادىشاھى فۇيىنغا ياتلىق قىلىنغانىدى.

بىر يىلى، كېچە، كۈز مەزگىلى ئىدى. شىناف ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن سانغۇنى خانىيس بىلەن ئاتمىش ئادەمنى باشلاپ فۇيىنـ
ـنىڭ قورۇسىغا پەتە ـ زىيارەت قىلىپ باردى. ئۇ بىرىنچىدىن دانىيىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش، ئىككىنچىدىن ئايرىلغىنىغا

ئۇزۇن بولغان سىگىلىسى شىربىل بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن بارغانىدى. شىنافىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن قوپاللىقى فۇرسلارنى خاپا قىلىپ قويدى. فۇيىنىنىڭ قول ئاستىدىكى پالۋان جوتىنىڭ دانىيىلىك بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ فويىنغا قاتتىق ئەدەپسىزلىك قىلدى. بۇنداق ئەدەپسىزلىككە چىداپ تۇ-رالمىغان فويىن ئۆزىنى باسالماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىچە-نىشلىق بىر مەيدان قانلىق ئۇرۇش كېلىپ چىقتى.

ئۇ كۈنى شىناف بىلەن خانىيىس باشلاپ كەلگەن لەشكەرلەر فويىنىنىڭ سارىيىدا ئارام ئېلىشتى. فويىنىنىڭ ئوغلى فۇرسلارنى باشلاپ كېلىپ سارايىنى قورشىۋالدى. ئۇرۇش ۋەھىمىسى پۈتۈن زالنى بىر ئالدى.

تاڭ سۇزۇلۇشتىن ئاۋۋال دانىيىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تۇ-يۇقسىز ئويغىنىپ، ۋارقىرىشىپ كەتتى:

«سېپىلغا ئوت كەتتى!»

ياش قوماندان شىناف تۆشىكىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ياق، ئۇ سارايىنىڭ سېپىلغا ئوت كەتمە-دى. ئۇ فۇرسلارنىڭ ئوتقاشلىرى بىلەن ئوتقاشنىڭ نۇرىدا چاق-ناپ تۇرغان قىلىچلار. ئەي، پالۋانلىرىم تېز بولۇپ، قالقانلى-رىڭلارنى ئېلىڭلار، غەيرەت - شىجائىتىڭلارنى نامايان قىلىپ، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىڭلار!» دېدى.

دانىيىلىك پالۋانلار سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. جا-سارەتلىك سىق بىلەن ئىھا شەمشەرلىرىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ، دەرۋازىغا قاراپ ئېتىلدى؛ باتۇر سانغۇن ئولاف بىلەن گولاف دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدە ساقلاپ تۇردى. خانىيىس سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىنى ئۆزى قوغداپ تۇردى.

سارايىنىڭ سىرتىدا فۇرسلارنىڭ پېشقەدەم جانبازچىسى گۇ-سېل ياش لەشكەر گالۇفقا جان بىلەن ئويناشمىغۇلۇق، دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان دانىيىلىكلەر بەك رەھىمسىز، يۈرىكى ئىتنىڭ قوي-

رۇقىدىنمۇ ئەگرى، دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما، ھاكاۋۇر يىگىت نەسىھەتكە قۇلاق سالماي: «دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان كىم؟» دەپ خىتاب قىلدى.

«ئاكاڭ قارىغاي سىن بۇ يەردە، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغىنىڭ تېز كەل بۇياققا!»

شۇنىڭ بىلەن گالۇف بىرىنچى بولۇپ دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىردى. شۇ ئەسنادا ئەتراپتا قىر، چاپ ئاۋازى، نالە ـ پەرياد نىداسى كۆتۈرۈلدى. قالقان، دۇبۇلغا، ساۋۇتلار سۇندۇرۇلۇپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىلدى. قەھرىمان ـ باھادىرلار جان تىكىپ ئېلىشتى، پۈتۈن ساراي تەۋرەپ كەتتى. قانلىق جەڭدە گالوف سىفنىڭ نەيزىسىدە جان بەردى. نەيزە ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغانىدى، ئۇ قان ئىچىگە يىقىلدى.

دانىيىلىك پالۋانلار بىلەن فۇرسىنىڭ سەردارلىرى ئارىلى-شىپ قىر ـ چاپ قىلىشتى، ئۇلار تامامەن كۆزلىرىنى قىزارتىش-قاندەك قىلاتتى. زال دانىيىلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. فويىنىنىڭ پالۋانلىرى قاتتىق تالاپەت تارتتى، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. ئۇرۇش بەش كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى. فويىن ئوغلىدىن ۋە كۆپ پالۋانلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما، دانىيىلىك قوماندان شىنافمۇ بۇ بىر مەيدان رەزىل ئۇرۇشتا جان تەسەددۇق ئەيلىدى.

شۇنىڭ بىلەن خانىيس ئۇرۇش توختىتىش شەرتىنى ئوتتۇ-رىغا قويدى: فۇرسلا يەنە بىر سارايىنى پۈتۈنلەي دانىيىلىك پالۋان-لارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى؛ فۇرسلار دانىيىلىك پالۋانلارنى ھەر كۈنى ئاش، تاماق، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدى-غان بولدى. فۇرسلار ئېرىشىدىغان نەرسىگە دانىيىلىكلەرمۇ ئې-رىشىدىغان بولدى. فويىن دانىيىلىكلەرنىڭ شەرتىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئەھدى ـ پەيمان قىلىشتى.

فويىن خانىيسقا ۋەدە بەردى: ئۇ مەن سىلەرنىڭ قائىدەڭلەر-



گە قاتتىق ئەمەل قىلمەن، يارىلانغان دانىيىلىكلەرگە ھۆرمەت قىلىمەن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆرۋش توختىتىش كېلىشىمىگە بوزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن، دەپ پەيمان قىلدى. بۇ دانىيىلىكلەر داھىسىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، ئەسلىدىكى ساھىب شىنافىنىڭ قاتىل - شۇمپەنلىرىگە ئەگىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەينى چاغدا شۇنداق قىلماي بولمايتتى. مۇبادا ھەر-قانداق بىر فۇرسلار كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كېلىدىغان بولسا، قانلىق ئۆچمەنلىكنى ئەسلەپ، ئەھدى - پەيمانغا بۇزغۇنچىلىق سالسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

شۇنداق قىلىپ رەزىل ئۇرۇش توختىدى. كىشىلەر جەڭگاھ-نى تازىلىدى. ئۆلۈپ كەتكەن پالۋانلارنى يەرلىكىدە قويدى.

كىشىلەر زالىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئوتۇن دۆۋىلەپ قان بولۇپ كەتكەن ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى، ئىسسىق قانلىرىنى ئاقتۇرۇپ قۇربان بولغان پالۋانلارنى ئوتۇن دۆۋىسىگە تاشلىدى. شىربىل مەلىكە — فويىنىنىڭ خانىشى قاتتىق ھەسرەتلەنگىنىچە قۇربان بولغان ئوغلىنىڭ جەسىتىنىمۇ ئوتۇن دۆۋىسىگە قويدى ۋە شىناف بىلەن مۇرىدەشكىنىچە بىر - بىرىگە ئۆچمەن بولغان تاغىسى بىلەن نەۋرىسىنى بىرگە ياتقۇزۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇلدى، جەسەتلەرنى يالماپ كېتىۋاتقان ئوت ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. شىربىل ماتەم قوشىقى ئېيتىپ يىغلىدى، ئۇنىڭ غۇبارسىز يۈرىگى ئاكىسى بىلەن ئامراق ئوغلى ئۈچۈن قانلىق ياش ئاقتۇردى. ئۇلارنىڭ جەسىتى ئـەسلـدىـلا بـەختلـك بولغان بۇ زېمىندىن ئۇرۇن ئالدى...

ئوت ئۇلارنى يالماپ يۇتۇۋەتتى. ئوت قاتتىق پارتلاپ كەتتى. پالۋانلارنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى ساۋۇت - دۇبۇلغىلار پارتلاپ ئېرىپ كەتتى. قاپقارا قانلار ئاسمان - پەلەك چاچراپ كەتتى، ئاسماننى قارا ئىس - تۈتەك قاپلىدى. بۇ قارا ئىس - تۈتەك ئىچىدە



پالۋانلارنىڭ روھى ئەرشكە قاراپ ئۆرلىدى. ئوت ھەممىنى يۇتۇ-
ۋەتتى، دۈشمەنلەشكەن ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئورۇشتا ئەسىرگە
ئالغان پۈتۈن پالۋانلىرىنى يۇتۇۋەتتى. ھايات قالغانلارغا ئېچى-
نىشلىق ئەسلىمە قالدۇردى.

كېيىن فويىن ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان پالۋانلارنى تار-
قىتىۋەتتى ۋە ئۆيۈڭلارغا قايتىپ بېرىپ قورسىلارنىڭ قەلئەسىگە
ئوبدان قاراڭلار، دېدى.

شىنافىنىڭ قالدۇق لەشكەرلىرى خانىسىنىڭ قوماندانلىقىدا
فويىنبورگدا قالدى. فويىننىڭ غەمخورلۇقىدا قانلىق قىر - چاپ
بىلەن بۇلغانغان قىشنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار شىمالدىكى يۇرتىنى
ھەر مىنۇت - ھەر سېكونت ئېسىدىن چىقارمىدى، ئەگرى بويۇن-
لۇق ياغاچ كېمىلىرىنى دېڭىزدا ھەيدەشكە ئامالسىز قالدى. چۈن-
كى دېڭىزنى مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى.

خانىس فويىن بىلەن شۇنداق ئەھدى - پەيمان تۈزۈشكەندىن
كېيىن خانىس روھىي ئازابقا چىداپ كەلدى. ئۇ بىر دانىيىلىك
بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداقمۇ كىشىلەرنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ
كۈن ئۆتكۈزۈشكە چىداپ تۇرالىسۇن؟ بولۇپمۇ ساھىبىنى ئۆلتۈر-
گەن ئەشەددى دۈشمىنىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ياشاش ئۇنىڭ ئۈچۈن
قاتتىق ھاقارەت ئىدى. بۇ شىناق ئۈچۈن، دانىيە پادىشاھى
ئۈچۈن ئاسىيلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ كېچە - كۈندۈز ۋىجدان ئازابى
تارتىپ يۈردى، بىر كۈن بىر يىلدەك تەستە ئۆتتى...

نىھايەت، قىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئىللىق دېڭىز شامىلى چى-
قىشقا باشلىدى. مۇزلار ئېرىپ، قارلار ئەگىز بولدى. زېمىننى
يېشىللىق قاپلىدى. خانىسنىڭ قەلبىدە ئۈچ ئېلىش بىخلىرى
پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئۈمىد پەيدا بولدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى دېڭىزنىڭ شىمال تەرىپىدىن سانسىزلى-
غان جەڭ كېمىلىرى كەلدى، ئۇ خانىس كېچە - كۈندۈز تەشنا-
لىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان دانىيىنىڭ يارەدەمچى لەشكەرلىرى

ئىدى. جەڭ كېملىرى قىرغاقتا يېقىلاشتى، دانىيە-لىك سانغۇن - لەشكەرلەر ئۇرۇشتا قۇربان بولغان سانغۇن - لەشكەرلەرگە ماتەم بىلدۇردى، فۇرسلارنىڭ رەھىمسىزلىكىگە قاتتىق غەزەپلەندى.

شۇنداق قىلىپ، دانىيە لەشكەرلىرى خانىيىسىنىڭ يېتەكچى-لىكىدە فويىنىنىڭ سارىيىغا باستۇرۇپ كىردى، شىددەتلىك ئۇ-رۇشتا فويىن يېقىلدى، فۇرسلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. لەش-كەرلەر گۇمران بولدى. فويىنىنىڭ ئوردىسىدا خانىيىس گۈزەل، ئاق كۆككۆل مەلىكە شىرىبىلنى تاپتى. دانىيىنىڭ بۈيۈك قوشۇنى فويىنىنىڭ ئۆيىدىكى سانسىزلىغان ئالتۇن - كۆمۈش بايلىقلارنى بۇلاپ ئالدى. ئۇرۇش كېمىسىگە مەلىكە شىرىبىل بىلەن فۇرس خانىدانلىقىنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى قاچىلاپ، زەپەر قۇچۇپ قايتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئالىيجاناب خانىش، ئاق كۆككۆل ھەم بەختسىز مەلىكە شىرىبىل يەنە ئانا قەبىلىسى دانىيىلىكلەرنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى.

غەزەلخان تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ قىسسەنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سارايدا گۈلدۈراس - ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى دانىيىنىڭ پارلاق تارىخىدىن يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى.

زىياپەتتە ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان يېقىملىق كۈي - ناۋالار ياڭرىدى. ئېسىل ئاپتۇۋىلاردا شېرىن مەي - شارابلار قۇيۇلدى. كىشىلەر قانغۇچە مەي - شاراب ئىچىشكەچ، بايا غە-زەلخان ئېيتقان ئادەمنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىدىغان قىسسە ئۈستىدە توختىلىشتى.

شۇ ئەسنادا خانىش ۋېسئول ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئۇس-تىۋېشىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەر ئالتۇن كىرپىك-لىك يۇلتۇزلاردەك چاقناپ كەتتى. ئۇ سالاپەت بىلەن پادىشاھ روسكانىڭ ئالدىغا كەلدى، پادىشاھنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە



پادىشاھنىڭ جىيەنى روسوۋ بىلەم مەمەدان مۇنازىرىچى ۋونفوس ئۆلتۈرغانىدى.

خانىش نازاكەتلىك بىلەن پادىشاھقا بىر قەدەھ مەي قۇيغاچ، كۈلگۈن چىراي بىلەن:

— بۇ شېرىن مەينى ئىچىۋەتسىلەر مۇرەببىيىم! قانغۇچە ئىچىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش تۇتسىلا، گوت قەھرىمانىغا قىلغان تارتۇقلىرىدىن بەك پەخىرلەندىم. دۇرۇسلۇقلىرى بىلەن مەردلىكلىرى دانالىقلىرىنى، ئۇلۇغلۇقلىرىنى نامايان قىلدى! — دېدى.

ياشىنىپ قالغان پادىشاھ قەدەھنى كۆتۈرۈپ قەدەھتىكى شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ۋە خانىشقا كۈلگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى. خانىش يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلى بېئوۋۇفنى ئوغلۇم دەپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە. ئەمدى بالايىئاپەت تۈگىدى، سىلى ئەمدى قانغۇچە ئويناپ، يەپ - ئىچىپ، ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزسىلە. يۈز يىلدىن كېيىن خانلىق ئورۇنلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرسىلا، — خانىش بەرنا پالۋاننىڭ ئورنىنى كۆرسەتتى. بېئوۋۇفنىڭ ئىككى تەرىپىدە خانىشنىڭ ئىككى ئوغلى ئولتۇراتتى. خانىش يەنە خان ئېرىگە دېدى، — بىلىمەن، جىيەنىمىز روسوف تولىمۇ مېھرىبان، ئۇ جەزمەن چىن دىلى بىلەن ئوغلۇمغا ھەمدەم بولىدۇ. مۇبادا سىلى ئۇنى بۇ دۇنياغا تاشلاپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتسىلىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىمىزغا جەزمەن تىرىشىپ جاۋاب قايتۇرىدىغىنىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئۆزىگە بەخت ۋە شان - شەرەپ تىلىگىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىز ئۇنىڭغا كىچىكلىكىدىن ھازىرغىچە جىمى شان - شەرەپنى ئاتا قىلدۇق.

پېشقەدەم پادىشاھ روسكا شارابنىڭ كۈچىدىن خانىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، سەل دىلىغول بولدى ۋە ۋېسئولنىڭ قولىغا بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويدى. مەستخۇش قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياخشى، ياخشى، ئۇلار دانىيە پادشاھىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. خانىم، سىز نېمىشقا بىزنىڭ ئاتاق ئوغلىمىزغا قاراپ باقمايسىز؟ — دېدى.

ۋېسئول بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ساپادا ئولتۇرغان بەرنا پالۋاننىڭ ئورنىغا قارىدى، ئۇيەردە خانىشنىڭ ئىككى ئوغلى رولىچ بىلەن روسمون ئولتۇراتتى. گوتلارنىڭ پالۋانى بېئوۋۇلف ۋە ئۇنىڭ باتۇرلىرىمۇ ئولتۇرۇشقانىدى. يەنە بىرقانچە دانىيىلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىدى.

خانىش بېئوۋۇلفنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئالتۇن جامنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى ۋە بېئوۋۇلفنىڭ مەي ئىچكىنىگە قاراپ تۇردى. بېئوۋۇلف مەينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئانىڭىزنىڭمۇ سىزگە قىلىدىغان سوۋغات - تارتۇقلىرى بار، — دېدى.

خانىش شۇنداق دېگەندىن كېيىن مۇلازىم قىزلار خانىشنىڭ سوۋغىتىنى بېئوۋۇلفقا تەقدىم قىلدى:

ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان بىلەكلىك؛ نۇرغۇن ئالتۇن ھالقىلاردىن تەركىب تاپقان بىر كۆكرەكلىك، جاھاندا يوق ھەم ئاجايىپ باقمىغان بىر بويۇنلۇق سوۋغا قىلغانىدى.

بۇ سوۋغىلار پۈتۈن ساراي ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى. كىشىلەر بۇنداق چوڭ ھەم نازۇك بويۇنلۇقنى ئۆمرىدە بۇگۈن كۆرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇ بويۇنلۇقنىڭ چاقناپ تۇرۇشى، ئۆزگىرىشچان نۇرلىرى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

شۇ ئەسنادا ۋېسئول پۈتۈن مېھمانلار، ساھىبخانلار ئالدىدا:

— بۇ بويۇنلۇقنى قوبۇل قىلىڭ. سۆيۈملۈك بېئوۋۇلف! بەخت - تەلىيىڭىز كەلگەي ئوغلۇم، بۇ كۆكرەكلىكنى كىيىۋېلىڭ، قەبىلىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۇكىنى تاقىۋېلىڭ. تېخىمۇ كۆپ شان - شەرەپ قازانغايسىز! — دېدى.

بىر مەھەل تەنتەنە - ئالقىش سادالىرى ياڭرىغاندىن كېيىن



خانىش تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن يەنە سۆزىنى داۋاملاش-تۇردى:

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى شاھزادىنى سەۋرچانلىق بى-لەن كۈتۈپ قويۇپ تەربىيىلىگەيسىز، بۇلار سىزنىڭ ئىنىلىرى-ڭىز بولىدۇ. مەن سىزنىڭ شەپقىتىڭىزنى، ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىز ھەر تەرەپكە تارقال-غاي؛ سىزنىڭ مەشھۇر نامىڭىز جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىچە، تىنىڭ قىيالاردىكى ئۇردىلارغىچە تارقالغاي.

بېئوۋۇف ئىززەت - ئىكرام بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئانا خاتىرجەم بولسىلا. مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق قىلىدى-غانلىقىمنى بىلىمەن.

ۋېسئول يەنە تاپىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۆمۈر بويى خاتىرجەم بولۇڭ ئەزىز شاھزادەم! مەن سىزنى رازى قىلىمەن. ئوغۇللىرىمنى سەمىمىيلىك بىلەن يې-تەكلەڭ، بەخت سىزگە مەڭگۈ يار بولغاي!

خانىش شۇنداق دېدى - دە، ئورنىغا ئولتۇردى. كىشىلەر مەي ئىچىشكەچ، ھېلىقى سىرلىق ھەم قىممەتلىك چوڭ بويۇنلۇق توغرىلىق سۆزلەشتى. تارىختىن ھەم مۇنەججىملىكتىن خەۋىرى بار بىر ۋەزىر بۇ بويۇنلۇقنىڭ سىرلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس دېدى:

— رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ بويۇنلۇق تۆت پاپىنىڭ ئىكەن. كىشىلەر بۇ بويۇنلۇقنى چاقماق يېڭى قېرىنداشلار ياسىغان دېيىد-شىدۇ. ئۇلار غايەت چوڭ تاش ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن. مۇھەب-بەت ئىلاھى فولىيا بۇ بويۇنلۇقتا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ تۆت قېرىنداش بىللە بىر كېچە ئۇخلاپتۇ. مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ ئېرى ئود بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ھىيلىگەر، رەزگىلىك ئىلاھى لوجنى چىۋىنغا ئۆزگەرتىپ، ئايال ئىلاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇ بويۇنلۇقنى ئوغرىلاشقا ئەۋەتىپتۇ.

يان تەرەپتە ئولتۇرغان بىرەيلەن قىزىقسىنغىنىچە:
— بۇ گەپچە بۇ بويۇنلۇق ھېچقانداق ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، گوتلارنىڭ زېرەك باتۇرى ھام شەرقىي گوت پادىشاھى ئامالىچەنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاچقا نەق يىگىرمە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ، ئۇ ھەممە يەردە باي، غوجاملارنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپتۇ. كېيىن ئۇ نۇرلۇق شەھەر-گە — مۇناستىرغا تاشلانغاندىن كېيىن، بۇلىغان نەرسىلىرىنى پۈتۈنلەي بويۇنلۇق ۋە ئۇ بويۇنلۇق قاچىلانغان قىممەتلىك قۇتىنى مۇناستىرغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەڭگۈلۈك جاۋابقا ئېرىشىپتۇ — جەننەتكە كىرىپتۇ.
— ئەمسە سىلى بۇ بويۇنلۇقنىڭ كەلگۈسىگە پال ئېچىپ باققان بولسىلىكەن، — سورىدى ھېلىقى ئادەم قىزىقسىنىپ.
— بۇ بويۇنلۇقنى گوتلارنىڭ پادىشاھى بىئوۋۇفنىڭ تاغىسى كۆكرىكىگە تاقاپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلغاچقا فۇرسلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىدۇ. فرانكىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى يىغىشتۇرۇپ، قىممەتلىك كۆكرەكلىك بىلەن ئۇ بويۇنلۇقنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ بويۇنلۇق گوتلارنى قارا قىسمەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

...

كۈن ئولتۇردى، زېمىنغا تۈن پەردىسى يېپىلدى.
زىياپەت ئاياغلاشتى. پادىشاھ روسكا بىلەن خانىش ۋېسئول ھەرەمگە قايتىشتى. ساراي ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك ئىدى. سارايدا قالغان سانسىزلىغان پالۋانلار ئۈستەل ـ ساپالارنى يىغىشتۇرۇپ، ئورۇن ـ تۆشەكلەرنى راسلىغانىدى. پارقىراپ تۇرىدىغان ياغاچ قالقانلارنى باش تەرىپىگە، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى يېنىدىكى ساپاغا رەتلىك تىزىپ، نەيزىلىرىنى يېنىغا قويۇپ قويغانىدى. ئۇلار مەيلى قايسى چاغ، قەيەردە بولسۇن، قورال ـ ياراغلىرىنى

يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى.

ھايال ئۆتمەي، سارايدىن شېرىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. كۈندۈزى زىياپەتتە قانغۇچە ئىچىپ، تويغۇچە يېگەن پالۋانلار شېرىن ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى...

«خۇشاللىق جۇپ بولماپتۇ. بالا ـ قازا قوش كەپتۇ» دېگەندەك ئۇلار چوڭقۇر ئۇيقۇغا پېتىپ، ئاسايىشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا مارال سارىيىغا يەنە بىر قېتىم ئاپەت ياغدى. تېخىمۇ ۋەھشىي يالماۋۇز — گوفاندانىڭ ئانىسى قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن ئالدىراپ قاقاسلىق تەرەپتىن كەلدى.

## ئالتىنچى قىسىم

# قېرى يالماۋۇزنىڭ مارال سارىيىدىن ئۈچ ئالغانلىقى

ئەسلىدە سازلىقنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئۇۋىدا يەنە بىر قېرى چىشى يالماۋۇز بار ئىدى. ئۇ يالماۋۇز گوفاندانىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ تۇرلۇك گۇناھ - جىنايەت ئۆتكۈزگەچكە كىشىلەرنىڭ شادلىقىدىن يىراق ئىدى. شۇڭا قورقۇنچلۇق بۇ سازلىققا ماكان تىزغانىدى. ئۇ مۇزدەك سوغۇق سازلىقتا يىرگىنچلىك ئون يالماۋۇزنى تۇغدى. گوفاندا ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

بۈگۈن ئاخشام گوفاندا يېمەكلىك ئىزدەش ئۈچۈن سىرتقا چىققانىدى، ئانا يالماۋۇز ئوغلۇم دانىيىلىكنىڭ لوق گۆشىنى ئەكىلىدۇ، دەپ ئۇۋىسىدا ئۆزى يالغۇز كۈتۈپ تۇرغانىدى، ئەمما ئۇ نەق بىر كېچە كۈتتى. ئوغلى قايتىپ كەلمىدى. ئۇ سازلىقتىن قانچە قېتىم چىققانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ سازلىقنىڭ بويىدا ئوغلىنى كۈتۈپ تۇردى. بىر خىل شۇم تۇيغۇ خەنجىرى ئۇنىڭ رەزىل يۈرىكىگە سانجىلماقتا ئىدى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن گوفاندا پۈتۈن ئەزايى قان بولغان ھالدا ئارۋاڭ - سارۋاڭ دەسسىگىنىچە ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتارغانىدى، كۆزلىرى گۇنسىز ئىدى، قاتتىق روھسىزلانغانىدى، قاباھەت، ئىزتىراپ ئوقلىرى ئۇنى ۋەيران قىلغانىدى. قاتتىق يارىلانغان ئوڭ قولىنىڭ سۆڭىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىلىكىدىكى قانلار ئۇيۇشۇپ قالغانىدى. گوفاندا ئۇۋۇ-

سىغا كىرىشى بىلەنلا ئانىسىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى ـ دە، مەتۇلۇق بىلەن دېدى:

— مارال سارىيىـدا... بېئـوۋۇف... بازغـانـدەك مـۇشتـ-ـى بەك... بەك يامان ئىكەن... سەن ماڭا... ئۆچ ئېلىپ بەر!

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن قان قۇسۇپ جان بەردى.

ئانا يالماۋۇز ئوغلىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كەتتى، ئاھۇ پەرياد چەكتى، قاقاسلىقتا قۇيۇندەك چۆرۈلدى. قاقاسلىقتىـ-ـكى جىمى نەرسىلەر تىترەپ كەتتى، شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ھالەت پەيدا بولدى.

ئانا يالماۋۇز ئۇۋىسىدا نەق بىر كۈن ئازابلاندى. كۈن ئولـ-ـتۇرۇشنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى، نىھايەت كۈننى ئولتۇردى. زېمىنغا تۈن پەردىسى يېپىلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىگە پەرۋا قىلماي خەتەرلىك سەپەرگە ئاتـ-ـلاندى.

ئۇ ئاستا مارال سارىيىغا يېقىنلاشتى. دانىيىلىكلەر ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولغانىدى. ئانا يالماۋۇز تاقەتسىزلىك بىلەن غەزىپىنى باسالماي «ھۇ» دەپ ۋارقىرىغىنىچە دەرۋازىدىن بۆسۈپ مارال سارىيىغا شامالدەك ئۇسۇپ كىردى. ئۇنىڭ چاچلىرى سالـ-ـۋارىغان، چىشلىرى ھىڭگىيىپ چىققان، قان تولغان كۆزلىرىـ-ـدىن شۇمپەنلىك چىقىپ تۇرغانىدى. شۇ ئەسنادا پۈتكۈل سارايىنى قاباھەت تۇمانلىرى قاپلىدى.

پالۋانلار چۆچۈپ ئويغىنىشتى ـ دە، ئالاق ـ جالاق بولۇشقىـ-ـنىچە ئۇزۇن ئورۇندۇقلارغا قويۇپ قويغان نەيزە ـ قىلىچلىرىنى ئالدى، تۇيۇقسىز كەلگەن قاباھەتتىن ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلـ-ـمىدى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، تاقاشقىمۇ ئۈلگۈرەلـ-ـمىدى.

دانىيىلىك پالۋانلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، چىشى



يالماۋۇز بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى. دانىيىلىك پالۋانلار كۆچلۈك، يالماۋۇز ئاجىز ئىدى. ئۇ بېئوۋۇفنىڭ بۇ پالۋانلار ئىچىدە بار ـ يوقلۇقىنى بىلمىگەچكە ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭدا شۇملۇق كۆچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئېسىلزادە سانغۇننى تۇتتى ـ دە، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، سازلىقتىكى ماكانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يالماۋۇز ئەپكەتكەن سانغۇن روسكانىڭ قول ئاستىدىكى بىرىنچى ئىشەنچىلىك سانغۇن ـ پادىشاھنىڭ سىپاھى ئېشىل ئىدى. ئۇ دانىيىدە قالقان تۇتۇش بويىچە داڭق چىقارغان پالۋان ئىدى ۋە پادىشاھ روسكانىڭ ھەم ئوڭ قول، ھەم سول قول ياردەمچىسى ئىدى. ئۇ پالۋاننىڭ يالماۋۇزنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشى كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇراتتى.

يالماۋۇز سارايىنىڭ ئالدىدا ئوغلىنىڭ بىلىكىنىڭ تورۇسقا ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھۆركىرىگىنىچە قان تېمىپ تۇرغان بىلەكنى ئالدى ـ دە، تۇن قوينىغا غەرق بولدى.

شۇ چاغدا گوت پالۋىنى بېئوۋۇف سارايدا يوق ئىدى. ئۇ پالۋانلىرى بىلەن بىللە پادىشاھ روسكانىڭ تارتۇقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئارقا سارايدا دەم ئېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئانا يالماۋۇز سارايغا كېلىپ، سارايىنى پايمال قىلالىغانىدى. ئۇ بېئوۋۇفنىڭ بازغاندەك مۇشتۇملىرىنىڭ تەمىنى تېتىمىغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ياشىنىپ قالغان پادىشاھ چىشى يالماۋۇزنىڭ مارال سارىيىنى مالىماتاڭ قىلغانلىقىدىن، ئەڭ ئامراق سازغۇنىنىڭ ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولدى. ئەمدىلەتىن سۈزۈلگەن مارال سارىيىنىڭ ئاسمىنىنى يەنە قارا بۇلۇت قاپلىدى.

بېئوۋۇف پالۋانلىرى بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان پادىشاھ روسكا قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە تەختىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايلىرىنى قارا بۇلۇت

قاپلىغانىدى.

— سالام خان ئاتا، كېچە ئامان ـ ئېسەن ئۆتكەندۇ! — دەپ سالام بەردى بېئوۋۇف.

پادىشاھ روسكا ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چەككىنىچە دېدى:

— بەختتىن سۆز ئاچماڭ! ھەسرەت تاشلىرى يەنە دانىيەلىكلەر ئارىسىغا ئېتىلدى. مېنىڭ سىپاھىم، مەسلىھەتچىم، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىدىغان سەپدىشىم ئېشىل ئۆلۈپ كەتتى. بىز نۇرغۇن جەڭ ـ ئۇرۇشلاردا ياۋ ـ دۇشمەنلەرنى بىللە يېڭىپ، نۇسرەت قازانغانىدۇق. ئەمما، بۇگۈن ئۇ يالماۋۇزغا يەم بولۇپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەتلىنىۋاتىمەن، ئازاب ئوقلىرى ۋۇجۇدۇمنى ۋەيران قىلىۋەتتى!

— نېمە؟ ئېشىل ئۆلۈپ كەتتىما! ئۇنى كىم ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ؟ ئەجەبا گوفاندا تېخى ئۆلمەپتىما؟ خان ئاتا، ھەقىقىي ئەھۋالنى ماڭا تېز دېسىلە! — دەپ ئالدىراتتى بېئوۋۇف پادىشاھ روسكانى.

پادىشاھ ھەسرەتلەنگىنىچە ئەھۋالنى بايان ئەيلىدى:

— ئۇلۇشكۇن ئاخشىمى سىز كۈچ ـ قۇدرىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، بازغاندەك مۇشتۇملىرىڭىز بىلەن يالماۋۇز گوفاندانى يوقاتقانىدىڭىز، ھەر يىلى بىزگە ئازار بەرگەن، بىزنى دەپسەندە قىلغان نىجىستىن قۇتۇلغانىدۇق، ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىز ئۈچۈن بەخت ـ ئامەت ئىدى! ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر چىشى يالماۋۇز پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ گوفاندانىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام مارال سارىيىغا كېلىپ، ئېشىلنى چىشلىگەن پېتى ئېلىپ كېتىپتۇ، ئۇنى قەيەرگە ئاپىرىپ يەۋەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ كېتىدىغان چاغدا گوفاندانىڭ تورۇستىكى بىلىكىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئوغلۇم ئۈچۈن قانلىق قىساس ئالىمەن، بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بېئوۋۇفنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز

ئۆرلەپ، بازغاندەك مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى. مۇشتۇملىرى تۈگۈلگەن چاغدا غاراسلاپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ھىم! ئەمدى گوفاندانى ئۆلتۈرسەم، يەنە بىر چىشى يالماۋۇز چىقتى. بۇ قېتىم ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس» دەپ ئويلىدى ۋە پادىشاھتىن سورىدى:

— خان ئاتا، سىلى ئۇ چىشى يالماۋۇزنىڭ تارىخىنى بىلەم-لا؟ ئۇنىڭ ئۇۋىسى قەيەردە؟ ئۇلار ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۈدەك قۇدرەتلىك بولسىمۇ، مەن ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىمەن!

— ئاۋام، پۇقرالىرىمنىڭ دېيىشىچە، ئوردىدىكى ۋەزىرلى-رىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككى يالماۋۇز پۈتۈن قاقاس - دالانى ئىگىلىۋالغانمىش. بۇ ئىككى قارا يالماۋۇزنىڭ قەيەردىن كەلگەن-لىكى نامەلۇمكەن. يىراقتىن قارىسا بىرسى ئايالغا ئوخشايد-



كەن. يەنە بىر سىنىڭ تەلەتى سەت، كۆچتۆڭگۆركەن، ئۇ ئەرگە ئوخشايدىكەن، ئاۋاملار ئۇنى گوفاندا دەيدىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئانا ـ بالا ئىككى يالماۋۇزنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلىدىغان ئادەم يوق ئىكەن.

پادىشاھ روسكا بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئويلانغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھە، ئەمدى ئويلاپ يەتتىم. شۇ كۈنى ئەتىگىنى گوفاندا ئېغىر يارىلىنىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن پالۋانلار ئۇنىڭدىن ئاققان قان تامچىلىرىنى بويلاپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى تاپقانىدى. ئاڭلىسام ئۇ قورقۇنچلۇق ھەم سىرلىق بىر يەرمىش. بۆرىلەر چېپىشىپ يۈرىدىغان، شاماللار ھۇشقۇيتۇپ تۇرىدىغان، دېڭىز قىيالىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، چەكسىز كەتكەن قاقاس، سازلىق يەرمىش. بىر پاتقاق چىغىر يول ئۇدۇل سازلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتەرمىش. تۆت ئەتراپى ئېگىز قىيامىش، تاغ بۇلاقلىرى قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان ئېگىز قىيانىڭ تەكتىنى قارا تۇمان قاپلاپ تۇرارمىش. يەرنىڭ تېرەن يەرلىرىدىن قىيان ئېتىلىپ چىقارمىش. شۇ يەردىن ئازراقلا ماڭسا ھېلىقى چوڭقۇر يەردىكى يالماۋۇزنىڭ ئۇۋىسىغا بارغىلى بولارمىش. ئېگىز قىيالار ۋە قارلىق ئورمانلار ئۇ يەرنى قاپلاپ، سۇ يۈزىگە سايە تاشلاپ، ئۇ سازلىقتىن ئادەم چىداپ بولمايدىغان سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرارمىش.

مەن يەنە ھەر كۈنى ئاخشىمى قورقۇنچلۇق مەنزىرە پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم؛ پاتقاق ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، قىيا تاشلار بىلەن دەرەخ شاخلىرى ئۈستىدە ئوت پەيدا بولىدىكەن. بۇ ئوتلار خۇددى سانسىزلىغان يالماۋۇزلار كۆزلىرىنى چىمىلدىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. پات ـ پات قۇلاقنى يارغۇدەك ۋارقىرىغان ـ جارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن، خېلى يىراقلاردى-

مۇ بۇ ئاۋازلارنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. ئۇ سازلىقنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئۇ يەر بەك قورقۇنچلۇق بولغاچقا ھېچكىم بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ھەتتا قوش مۈڭگۈزلۈك بوغا ـ مارالللارمۇ ئوۋچى قوغلاپ كەلگەندە ياردىن غۇلاپ ئۆلۈشكە رازى بولىدىكەنۇ، ھەرگىزمۇ ئۇ سازلىقتىن ئۆتمەيدىكەن. چۈنكى جىمى ھاياتلىق بۇ ھالاكەت سازلىقىغا لەنەت ياغدۇرىدىكەن!

روسكا يالماۋۇزنىڭ ئۇۋىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۈتۈنۈش نەزەرى بىلەن بېئوۋۇفقا قارىدى ۋە بېئوۋۇفنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— بالام بېئوۋۇف! بىز ئەمدى ئۈمىدىمىزنى يەنىلا سىزگە باغلىدۇق. سىز ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى. سىز ئۇ خەتەرلىك يەرگە بېرىپ، يىرتقۇچ يالماۋۇزنىڭ ئۇۋىسىنى، ئۇ چىشى يالماۋۇزنى تېپىڭ، كەچ كىرمەستىلا ئۇ يالماۋۇز يەنە مارال سارىيىغا كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن بىزگە ئۆچمەنلىك ئوقلىرىنى ئېتىشى مۇمكىن!

— بېرىڭ، بالام! بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ.

— خان ئاتىڭىز، دانىيە خەلقى سىزنىڭ تۆھپىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

«قىلىچ قول» نىڭ ئوغلى بېئوۋۇف جاۋابەن دېدى:

— ئەي، دانا شاھىم، ھەسرەت چەكمىگەيلا، بىز ھەسرەت چەككەندىن كۆرە ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالغىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ. كىشىلىك ھايات دېگەن ناھايىتى قىسقا، بۇ دېگەن تۆت كۈنلۈك جاھان. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. ئۇ يالماۋۇز بىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، مارال سارىيىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىزدىن ئۆچ ئالماقچى بولغانىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرىغىچە قانلىق ئېلىشىمەن! خان ئاتا، خاتىرجەم بولسىلا، بىز ھازىرلا يولغا چىقىپ، يالماۋۇز گوفاندانىڭ ئىنىسى-

نىڭ ئۇۋىسىنى تاپىمىز. مەن سىلىگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، ئۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ! ئۇ يەرگە كىرىپ كەتسە كۆكۈلىسىدىن تارتىپ چىقىرىمەن، ئاسمانغا چىقىپ كەتسە پۇتىدىن تارتىپ چۈ-شىمەن. مەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا بىز گوتلارنىڭ مۇشتۇمىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن!

چاچلىرى ئۆچتەك ئاقارغان پادىشاھ روسكا بېئوۋۇفنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشەنچىسى چەندان ئاشتى. مەھ-رۇم قالغان سەپدىشى بىلەن دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ قىساسى



ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوت بولۇپ ياندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېئوۋۇفقا كەسكىن تەلەپپۇزدا دېدى:

— بالام، سىزنىڭ مەردانىلىك بىلەن بەرگەن ۋەدىڭىز ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غەيرەت - شىجائەت ئاتا قىلدى. مەن قېرىپ قالغان بولساممۇ بۈگۈن سىز بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇ چىشى يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىمەن! مەن ياشىنىپ قالغان بولساممۇ كۈچ-ۈمدىن قالمىدىم. جەڭ مەيدانىدا سىزگە ھەمدەم بولىمەن!

بېئوۋۇف شۇ زامان پادىشاھقا دېدى:

— ياق! خان ئاتا، سىلى بارمىسىلا، سىلى ياشىنىپ قالدى-لا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول يىراق ھەم خەتەرلىك. ئۇ يالماۋۇزنىڭ يۈرىكى قارا، قولى زەھەرلىك، مۇبادا سىلىگە قازا يېتىپ قالسا ئەل - ۋەتەن بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ. خاتىرجەم بولسىلا، مەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇ مەلئۇننى يەر بىلەن يەكسان قىلى-مەن!

پادىشاھ روسكا شۇ ئەسنادا بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ بېئوۋۇفقا ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، دەپ قول ئىشارىسى قىلدى.

— بولدى، سۆزلىمەڭ بالام، مەن قارار قىلىپ بولدۇم!

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن پەرمان چۈشۈردى:

— ئات تەييارلانسۇن، يولغا چىقىمىز!

شۇنىڭ بىلەن قېرى - ياش پالۋانلار ئۇستىۋاشلىرىغا ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، سەپ تارتىپ، يۈكسەك روھ بىلەن يالماۋۇزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

دانىيىنىڭ ئاۋام - پۇقرالىرى ئۇلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلارغا ئاق يول تىلىدى. غەلىبە قىلىپ، نۇسرەت قۇچۇپ قايتقايسىلەر، دەپ ئۈمىد قىلىشتى. خانىش ۋېسئول سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرۇپ، ئېرى بىلەن ئاتاق ئوغلىغا قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ قەلبىدە ھايات -

ماماتلىق، جۇدالىق مۇھەببىتى پەيدا بولدى.

ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغىنىچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان قەدىردانلىرىغا دۇئا قىلدى. يالماۋۇزنى بالدۇرراق يوقىتىپ، ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى تەڭرىدىن تىلىدى.



يەتتىنچى قىسسە

# سازلىقتا ئانا يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ تۆھپە ياراتقانلىقى

قەھرىمان لەشكەرلەر تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ ئىلگىرىلە-دى، ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭلار قويۇق ئورمانلىقنى قاپلىدى. سەلتەنەتلىك مارال سارىيىنىڭ ئالتۇن قۇببىلىرى يىراقلاردا قالدى. چەكسىز كەتكەن قاقاس دالا ئۇلار-نىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. سوغۇق شامال ئۇلارغا ئۇرۇل-دى. پالۋانلار يالماۋۇزنىڭ زېمىنىغا قەدەم قويغانلىقىنى بىلدى.

لەشكەرلەر سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ئەگرى ـ توقاي چىغىر يولدا ئاران بىر ئادەم ماڭالايتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ساپلا تىكەن ئۆسۈپ كەتكەنىدى، ھەممە يەر سازلىق ئىدى، سەللا دىققەت قىلمىسا ئادەم بىلەن قوشۇپ ئاتمۇ تەگسىز پاتقاققا پېتىپ قالاتتى.

پادىشاھ روسكا داڭدار، كۆپ مەشىقلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈز-گەن سانغۇن ـ سەرۋازلارنى ئۆزى باشلاپ ماڭدى. لەشكەرلەر كېتىمۇاتقاچ چاتقاللارنى كېسىپ، يەر شەكلىنى تەكشۈرۈپ ماڭ-دى. ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى نەم، سېسىق پۇراق كۈچلۈك پۇراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىمۇ شۇنچە تېز سوقۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىر سانغۇن خىتاب قىلدى:

— قاراڭلار، سازلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاۋۇ قىياغا!

لەشكەرلەر كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا قارىۋىدى، ئالدى تەرەپ-



تىكى بىر كۆيۈك تاغنى كۆردى، ئۇ كۆيۈك تاغ توغرىسىغا جايلاشقان، غەلىتە قىيا تاشلاردىن تەركىب تاپقانىدى. بىر شار-قىراتما قاتتىق شارقىرىغىنىچە كۆيۈك تاغنىڭ تەكتىگىچە ئۇرۇ-لۇپ ئېقىپ چۈشەتتى. يىلان كەبى بىر قەدىمىي دەرەخ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە نە ئۇچار قۇش، نە ھايۋانات يوق ئىدى، ھەتتا قۇياشمۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتكەچكە نۇر دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

قەھرىمان لەشكەرلەر مېڭىشتىن توختىدى، يالماۋۇزنىڭ قەلئەسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. روسكا بىلەن بېئو-ۋۇف ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلماقچى بولدى. بىر يولغا بېئوۋۇف قوماندانلىق قىلىپ، تاغقا چىقىپ ئۇدۇللا تېرەن ساز-لىقىغا ئېتىلىپ چۈشمەكچى بولدى، بىر يولغا روسكا قوماندانلىق قىلىپ، پېشقەدەم سانغۇن - سەرۋازلارنى باشلاپ ئېگىز قىيالار-دىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل يالماۋۇزنىڭ ئۇۋۇسىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشتى.

شۇنداق قىلىپ پالۋان لەشكەرلەر ئۇن چىقارماي يالماۋۇز-نىڭ ئۇۋۇسىغا قاراپ يۈردى. بېئوۋۇف بىلەن نۆكەر لەشكەرلەر قىيا تاغ قاپتىلىغا كېلىپ ئادەم شوتىسى ياساپ، بىرىنىڭ مۈرد-سىگە بىرى دەسسەپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن قىيانىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى. قىلىچتەك ئۆتكۈر قىيا تاشلار ئۇلارنىڭ قوللى-رى كېسىۋەتتى. ئەمما، ئۇلار زىنھار قورقماي ئىلگىرىلىدى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يالماۋۇزدىن ئۆچ ئېلىش ئوتى ياندى، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى قەسەم ئۇلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەت-مىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىياغا يامىشىپ چىقتى. ئۇلار شۇ ئەسنادا قىيادىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى مۇز تۇتۇپ كەتكەچ-كە تۆۋەن تەرەپتىكى غايەت زور بىر سازلىقنى قاپلاپ تۇرغانلىقى-نى ئېنىق كۆردى. شارقىراتما قىيادىن سازلىققا شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشكۈچە پاسكىنا قان بىلەن قوشۇلۇپ قاينام ھاسىل

قىلغانىدى. سۇدا چوڭ بىر يىلان بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى ئۇيان - بۇيان پۇلاڭلىتاتتى. قان - يىرىڭلارنى بەخىرامان سۈمۈرەتتى. قىيا ئۈستىدە جۈپ - جۈپ غەلىتە مەخلۇقلار ياتاتتى. ئۇلار ئادەمىزاتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، سازلىققا شىددەت بىلەن سەكرەشتى.

بېئوۋۇف پالۋانلىرى بىلەن قىيا تاشنى بويلاپ سازلىقنىڭ ئىچكىرىگە قاراپ يۈردى ۋە ھايال ئۆتمەي پادىشاھ روسكا بىلەن ئۇچراشتى. لەشكەرلەر سازلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈردى. ئۇلار سازلىقنىڭ بويىدىكى قىياغا كەلگەندە قانغا مىلەنگەن بىر ئادەمنىڭ بېشىنى كۆردى، ئۇلار سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىۋىدى، ئۇ باش دەل چىشى ئالۋاستى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئېشىلىنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئېشىلىنىڭ كۆزى ئويۇۋېتىلگەنىدى. ئويۇۋېتىلگەن كۆزدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قاراپ ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن لەشكەرلەر چىداپ تۇرالماي ئۈنسىز يىغلاشتى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن باشنى يەرگە كۆمۈپ قويدى.

لەشكەرلەرنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى يالقۇنجىدى. ئۇلار جىددىي تەرىزدە بۇرغىلىرىنى چېلىشتى، ئىپلاس سازلىققا نەپرەتلىك نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

ئۇلار سۇ ئىچىدىكى چوڭ بىر يىلاننى كۆردى، يىلاننىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ چىققانىدى. قارامتۇل زەھىرىنى چاچقىنىچە شىددەت بىلەن قىرغاق تەرەپكە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى.

شامال قوۋمىنىڭ شاھزادىسى، پالۋان - باھادىر بېئوۋۇف ياغا ئوقىنى بەتلەپ زەھەرلىك يىلاننىڭ قان تامچىپ تۇرغان ئېغىزىغا قارىتىپ ئېتىۋىدى، يىلان سۇ يۈزىدە قالايمىقان تولغىنىپ، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان پاسكىنا قاننى ئاسمان قەرىگە قارىتىپ پۈركىدى، كېيىن «پولتوڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇغا چۈشۈپ، ئۆرۈلۈپ، تولغاندى، تىركەشتى. شۇ ئەسنادا بىرقانچە



ياۋا چوشقىلار چىشلىق نەيزىلىرىنى ئېلىپ يىلانغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى، ئۇنى پاسكىنا مەينەت يۇندا ئىچىدىن سۇزۇپ ئېلىپ، قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. لەشكەرلەر غەزەپلەنگىنىچە ئې-تىلىپ بېرىپ ئۇ مەلئۇنلارنى چەيلەپ، پاتقاق بىلەن مىلىۋەتتى.
سازلىقتىكى سۇ تىنچ ھالىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا يىلانلار، غەلىتە مەخلۇقلارمۇ ھەيۋىسىنى يوقاتتى - دە، قورققى-نىچە سازلىقنىڭ تېرەن جايلىرىغا قاراپ كىرىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاسنى تۇتقى-لى بولمىغىنىدەك، سازلىقنىڭ تېرەن يېرىگە كىرگەندىلا ئاندىن قانخور چىشى يالماۋۇزنى تۇتقىلى بولاتتى. بېئوۋۇف سازلىقنىڭ تەكتىگە كىرىپ، يالماۋۇز بىلەن ئېلىشماقچى بولدى.
بەتبۇي كېلىپ تۇرىدىغان سازلىقنىڭ يېنىدا لەشكەرلىرى ئولتۇردى، بېئوۋۇف قوللىرىنى ئۇشقۇلاپ. روھىنى كۆتۈردى. ئۇ پادشاھ ھەدىيە قىلغان ئالتۇن ھالقىلىق، پۇختا، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان دۇبۇلغىنى كۆكرىكىگە تاقاپ، ئۇنچە - مەرۋايىت بى-لەن بېزەلگەن ساۋۇتنى كىيىپ، ئاجايىپ بىر پالۋانغا ئايلاندى. پەقەت شۇ قولىغا قورال كەم ئىدى.
شۇ ئەسنادا روسكانىڭ قول ئاستىدىكى مۇنازىرىچى ۋۇنفوس ئورنىدىن تۇردى - دە، خۇشامەتكويلۇق بىلەن يېنىدىكى قىلىچى-نى ئېلىپ، بېئوۋۇفقا قوش قوللاپ تۇتتى ۋە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتقىنىچە:
— بۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان داڭدار قىلىچ بولۇپ، «ئەجدىھا راۋىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىلىچ زەھەر بىلەن سۇغۇ-رۇلغان. ئۇ سانسىزلىغان ياۋنىڭ قېنىنى تۆككەن. شۇڭا تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن. بۇ قىلىچ باھادىرىمنىڭ قولىغا چۈشكەن-دىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تۆھپە - نەتىجە يارىتقۇسى!
دانىيىلىك مۇنازىرىچى قىلىچنى بېئوۋۇفقا بەردى. ئۇ ئال-دىنقى قېتىم دېگەن ھېلىقى بىمەنە گەپلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ

كەتكەنىدى. ئۇ ئەلەمدار تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ كارا-
مىتىنى بىر قېتىممۇ سىناپ كۆرمىگەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىچى
ئاغرىيتتى. ئەسلىدە ئۇ سازلىقنىڭ تېرەن يېرىگە چۈشۈپ يالما-
ۋۇز بىلەن ئېلىشىبا بولاتتى. لېكىن ئۇ ھەيۋىسى بىلەن شان -
شەرەپتىن مەھرۇم قېلىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، مەمەدانلىق
قىلىپ ياشاپ كەلگەنىدى. بېئوۋۇف بولسا ھەقىقىي پالۋان،
باھادىر بولغاچقا تەق بولۇپ، يالماۋۇز بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن
كۈتۈپ تۇرغانىدى.

ھۇشقۇيتۇپ چىقىۋاتقان ئىزغىرىن شىمال شامىلى دەرەخ
شاخلىرى ئۈستىدىكى قىرو - قارلارنى ئۇچۇرتۇپ چۈشۈردى.
پاتقاق سۇدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان گاز شامالدا يوقىدى. تەقدىر
بېئوۋۇفقا يەنە بىر قېتىم جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ خەتەر چىقىپ
تۇرغان يەرگە قارىدى ۋە پادىشاھقا يەنە بىر قېتىم ئەھد - پەيمان
قىلدى:

— ئەمىسە، مەن ماڭدىم، سۆيۈملۈك خان ئاتا. بىزنىڭ
ۋەدىمىزنى ئەسلىرىدە تۇتقايلا: مۇبادا مەن بۇ قېتىم سىلىگە
ياردەم بېرىش ئۈچۈن جېنىمدىن ئايرىلسامۇ، سىلى يەنىلا مې-
نىڭ ئاتام بولىلا، سىلى ئاتىلىق بۇرچىنى ئۈستىلىرىگە ئالىلا؛
مۇبادا بۇ جەڭ مېنى گۇمران قىلىپ، لەھەت يولىغا ئېلىپ
كەتسە، سىلى بۇ سەپداشلىرىمغا باش بولسىلا، ئۇلارغا ماڭا
قارىغان كۆزدە قارىسىلا. خان ئاتا، سىلى ماڭا بەرمەكچى بولغان
پۈتۈن بايلىقنى تاغامغا — دانا گوت پادىشاھى ھېيراغا بەرسىلە.
ئۇ سىلى بەرگەن ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىقنى كۆرۈپ، جىيەنىم
ھەقىقەت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، شان - شەرەپ قۇچۇپتۇ، دەپ
قالسۇن؛ ئۇ مېنىڭ مۇشۇنداق باھادىر - پالۋانىم بار ئىكەن دەپ
پەخىرلەنسۇن، ئىپتىخارلانسۇن!

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن پادىشاھ روسكانىڭ جاۋابىنى
كۈتمەيلا سازلىققا باتۇرلارچە ئېتىلىپ چۈشتى. غايەت زور قاينام



ئۇنى يۇتۇپ كەتتى.

قىرغاقتىكى پادىشاھ ۋە بارچە لەشكەرلەر تەكرىدىن: «ئۇ-نىڭغا غەيرەت ئاتا قىلغايسەن، ئۇ يالماۋۇزنى يوقىتىپ، بالدۇر-راق زەپەر قۇچۇپ قايتقاي، ئۇنى ئامان قىلغايسەن» دەپ تىلىدى.

بېئوۋۇلف شىددەتلىك قايىنامىنىڭ زەربىسىدىن سازلىقنىڭ تېرەن يېرىگە چۇشۇپ كەتتى، سۇدىكى سېسىقچىلىقتىن ئۇنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ قانچىلىك ۋاقىتتا سازلىقنىڭ تەگ-تىگە چۇشكەنلىكىنى بىلمىدى. شۇ ئەسنادا گۆردەك قاراڭغۇ ئۇۋد-غا يوشۇرۇنۇۋالغان ھېلىقى يىرگىنچلىك، ئاچ كۆز چىشى يالما-ۋۇز بېئوۋۇلفنى كۆرۇپ قالدى ـ دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى، پالۋاننى قۇچاقلاپ، ئۆتكۇر تىرناقلى-رىنى پالۋاننىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ زەنجىرلىرىگە تىقتى. بېئوۋۇلف تۇيۇقسىز قىلىنغان بۇ ھۇجۇمدىن ئويغاندى، سەگەكلەشتى ـ دە، قاتمۇقات ئالتۇن ھالقىلىق ساۋۇت ـ دۇبۇلغا بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى. ئەمما، يالماۋۇز ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى تۇتۇۋالغان-دى. ئۇ يالماۋۇزدىن دەماللىققا قۇتۇلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن يالماۋۇزنىڭ سازلىقنىڭ تېرەن يېرىگە سۆرەپ مېڭىشىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يالماۋۇز ئۆتكۇر چىشلىرى بىلەن پالۋاننىڭ ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى چىشلىدى. يالماۋۇز ھەربىر قاسىغاندا، ساۋۇت دۇبۇلغىلاردىن غاراس ـ غۇرۇس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. يالماۋۇز پۇتۇن كۇچى بىلەن بېئوۋۇلفنىڭ دۇبۇلغىسى-نى چىشلەپ پارە ـ پارە قىلىۋەتمەكچى بولدىيۇ، ئەمما قۇربى يەتمىدى. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەۋەرروك بولۇپ كېلىۋاتقان ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى.

ئۇ يالماۋۇز بۇ سازلىقتا ئەللىك يىل تۇرغانىدى. ئۇ كېچىدە ئۇۋىسىدىن چىقىپ ياشاپ كەلگەنىدى، ئۇ كېچىنى ياخشى كۆرەت-تى، نۇردىن قورقاتتى، شۇڭا ئۇ بېئوۋۇلفنىڭ ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ، ياۋايىلىقى تۇتقانىدى. ئۇ

ئېغىزىدىن قاپقارا سىياھتەك بىر نەرسىنى پۈركۈۋىدى، بېئوۋۇف
ئۇنىڭ بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. پالۋاننىڭ كۆزى
قاراڭغۇدا سۇلۇپ قالدى. يالماۋۇز كېيىن غەلىتە ئاۋاز بىلەن
شۇنداق بىر ۋارقىرىۋىدى، تۇشمۇتۇشتىن سانسىزلىغان غەلىتە
مەخلۇقلار ئېتىلىپ كەلگىنىچە پالۋاننى قورشىۋالدى، چىشى
يالماۋۇزنىڭ بېئوۋۇفنى سازلىقنىڭ تېرەن يېرىگە سۆرەپ كىرد-
شىگە ھەمدەمدە بولدى. بۇ چاغدا بېئوۋۇف ھەرقانچە باتۇرلۇق
قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. چۈنكى، ئۇ يالماۋۇزنىڭ
زەھىرىدىن كۆزىنى ئاچالمىدى. ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلار ھىڭ-
گاڭ چىشلىرى بىلەن ساۋۇت - دۇبۇلغىنى تىرىۋالغان، يالماۋۇز
ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا
ئۇ قىلىچىنى ئالالمىدى، پۇت - قوللىرىنىمۇ مىدىرلىتالمىدى،
كۆزىنى يۇمۇپ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇردى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بېئوۋۇف باياتىنقى سېسىق
پۇراقنىڭ تۈگىگەنلىكىنى سەزدى. يالماۋۇزنىڭ چىشلىرىمۇ بو-
شىغانىدى، ئەسلىدە ئۇ بىر ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىرىلگەنىدى، بۇ
سۇ ئاستىدىكى ئۇردىغا ئوخشايتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئەگمىسى ساز-
لىقنى توسۇپ تۇراتتى. قەسىرنىڭ بىر يېرىدە ئادەمنىڭ كۆزىنى
چاقناتقۇدەك نۇر چاقناپ تۇراتتى. نۇر گاھ يورۇق كۆرۈنسە،
گاھ خىرە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ بىر تۈۋرۈككە باغلاپ
قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، چىشى
يالماۋۇزنىڭ قارا تاش تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بېئو-
ۋۇفنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. پۈتكۈل
سازلىقنىڭ تەكتىدىكى قەسىر تەۋرەپ تىترەپ كەتتى. بېئوۋۇف
ئەزەلدىن بۇنداق سەت ئاڭلىنىدىغان كۈلكىنى ئاڭلاپ باقمىغانى-
دى. يالماۋۇز سەت ھىجايغىنىچە بېئوۋۇفقا دېدى:

— ھەي گوتلۇق سولتەك، سەن بۇ يەرنىڭ
قانچىلىك تېيىز - چوڭقۇرلۇقىنى بىلمەيسەن، شۇ تاپتا سەۋر



قاچاق تۇشتىڭغۇ دەيمەن؟ سەن ئوغلۇمنى ئۆلتۈردۈڭ، ئۇنىڭ بىلىكىنى قايرىپ سۇندۇردۇڭ. مەن سەندىن ئوغلۇمنىڭ قان ـ قىساسىنى ئالماي تۇرۇپ قانداق ياشايمەن! ھىم، مەن تۈنۈگۈن ئاخشام مارال سارىيىدا سېنى تاپالمىدىم، بىر كۈن ئارتۇق ياشىۋالدىڭ. ياخشى، بۈگۈن ئالدىمغا ئۆزۈڭ كەپسەن. ئەجەبا سەن قىيا بويىدىكى ئادەم بېشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ سېنىڭ ئاقىۋىتىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھاھ... ھاھ... ھاھ...

بېئوۋۇف بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ـ دە، قېرى يالماۋۇزنى شۇ زامانلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ بۇ يالماۋۇزنىڭ ئۇۋىسىدا ھەرقانداق قاراملىق قىلغان بىلەنمۇ ئاقمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يالماۋۇزنىڭ يەنە نېمە كارامەتلىرى بارلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، ئانا يالماۋۇزغا دېدى:

— ھىم، سەن بەك كۆرەڭلەپ كەتمە! سەن ئوغلۇڭنىڭ كىشىلەرگە قانچىلىك تالاپەت يەتكۈزۈپ، ئېغىر گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ئون ئىككى يىلدىن بېرى مارال سارىيىنى پايمال قىلىپ، سانسىزلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ گۇناھى تاغدىنمۇ ئېغىر. شۇڭا ئۇ بىلىكى قايرىلىپ سۇندۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئاشۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلۈشكە ھەقلىقتۇر! سەن ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن توۋا قىلماي، تېخى ئۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىيلىشىپ كەتتىڭ. مەن دېسەم، سېنىڭ تەقدىرىڭمۇ ئۇنىڭ تەقدىرىدىن ياخشى بولمايدۇ! بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كەتمە. بۇ جاھاندا ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ. ئۆزۈڭگە ھېزى بول، قېرى يالماۋۇز!

يالماۋۇز ئاڭلاپ غەزەپتىن غەلىتە ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ

كەتتى ۋە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، تىرناقلىرىنى كىرگىنىچە بېئو-ۋۇفقا ئېتىلىپ كەلدى:

— ھەي، گوتلۇق كىسپۇرۇش، بېشىڭغا ئۆلۈم كەلگەندىمۇ يەنە مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتىسەنغۇ. بۈگۈن خان ئاچاڭنىڭ كارامىتىنى ئوبدان تېتىپ باق! — دەپ ۋارقىرىدى.

يالماۋۇز بېئوۋۇفنىڭ گېلىدىن سىقماقچى بولغاندا بېئوۋۇف بىر كۆچەپلا پۇت - قولىنى باغلاپ قويغان ئارغامچىنى ئۈزۈۋەتتى ۋە شاققىدە ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئالدى - دە، يالماۋۇزنىڭ تىرنىقىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى. يېنىدىن «ئەجدىھا راۋنقى» قىلىچنى ئېلىپ، يالماۋۇزنىڭ بۇرۇلماقچى بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يالماۋۇزنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. «تاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن قىلىچىدىن نۇر چاقناپ كەتتى. قىلىچ خۇددى تاشقا تەگكەندەك پالۋان تىترەپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا چىشى يالماۋۇزنىڭ چىرايىدا مۇغەمبەرلىك كۈلكىسى پەيدا بولدى:

— قانداق؟ بېشىمنى چاپالىدىڭمۇ، گوتلۇق چۈپرەندە! ئەمدى خان ئاچاڭنىڭ كارامىتىنى كۆر!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بېشىنى سوزۇپ كەلدى. بېئوۋۇف پۈتۈن كۈچى بىلەن يالماۋۇزغا قارىتىپ بىرقانچە قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاقىۋەتتە بىكار كەتتى، ھەتتا يالماۋۇزنىڭ بىرەر تال مويغىمۇ زىيان يەتمىدى.

«ئەجدىھا راۋنقى» قىلىچىنى ئۆتكۈرلۈكتە تەڭداشسىز، تۆمۈرنى خۇددى لايدەك كېسىپ تاشلايدۇ، سانسىزلىغان جەڭلەردە ئالتۇن ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كېسىپ پارە - پارە قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن جاھاندا نامى بار، دېيىشىۋاتاتتى. ئەجەب بۈگۈن گاللىشىپ كېتىپتىغۇ؟ ئەجەبا ھېلىقى ئۆلگۈر مۇنازىرىچى مېنى ئالداپ قويغانمىدۇ؟ پالۋاننىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. ئۇ بۇ يالماۋۇزنىڭ مىڭ يىل مەشىق قىلغانلىقىنى، ئەپسۇن ئوقۇپ



ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىنى، قىلىچ چاپسىمۇ ئۆتمەيدىغانلىقىنى، پەقەت يالماۋۇزنىڭ قىلىچى بىلەن (هاياتلىق قىلىچى) بىلەنلا ئەپسۇننى بىكار قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ قانداق بىلىدۇ؟

بېئوۋۇلف دەرغەزەپ بولغىنىچە «ئەجدىها راۋقى» قىلىچىنى چۆرۈۋېتىپ، يېڭىنى تۈرگىنىچە چىشى يالماۋۇز بىلەن قۇرۇق قول ئېلىشماقچى بولدى. يالماۋۇز بېئوۋۇلفنىڭ قىلىچىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە بېئوۋۇلفنىڭ مۇشتۇملىرى بەك يامان بولسا كېرەك، دەپ ئەندىشە قىلدى ۋە شۇڭا ئوغلۇمنىڭ بىلىكىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكەنىكەن، دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇ قورققانلىقىنى قىلچىمۇ چاندۇرماي، بېئوۋۇلف بىلەن ئېلىشماقچى بولدى.

ئۇلار قاتتىق ئېلىشتى. يالماۋۇزنىڭ ئۇۋۇسى تەۋرەپ كەتتى. سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار نەرە تارتىشقىنىچە يالماۋۇزغا ياردەم بەردى. ئەمما، پالۋان بېئوۋۇلف ئۆزى تەنها بولسىمۇ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى. چىشى يالماۋۇز بىلەن ئېلىشتى. سازلىقنىڭ سىرتىدىكى دانىيىلىك بىلەن گوتلۇق پالۋانلار پالۋانغا مەدەت تىلەپ دۇئا قىلىشتى ۋە پالۋانغا ياردەم بەرگەن بولساق ياخشى بولاتتى، دەپ ئارمان قىلىشتى.

يالماۋۇز ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. پەيت كۈتۈپ، بېئوۋۇلفنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىسىغا يىرگىنچلىك تىرنىقىنى ئۇردى، ساۋۇت - دۇبۇلغىدىن نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇ يالماۋۇزنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ يەرگە باستى. يالماۋۇز لايدەك يۇمشاپ كەتتى ۋە بىر ئۆرۈلۈپلا پالۋاننىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى — دە، پالۋاننىڭ گېلىدىن بوغۇۋالدى. پالۋان دەم ئالالماي قالدى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. يالماۋۇز تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكىنىچە قونجىسىدىن شەمشەرنى ئېلىپ پۇلاڭلاتقىنىچە پالۋاننىڭ كۆكسىگە زەربە بىلەن ئۇردى.

«تاراڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بېئوۋۇفنىڭ كۆكسىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. خۇداغا شۈكۈر، پادىشاھ روسكا بەرگەن ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلار ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالدى. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن پالۋان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى!

يالماۋۇز شەمشىرىنىڭ بېئوۋۇفنىڭ كۆكرىكىگە كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارماندا قالدى ۋە ئىش چاتاق بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. يالماۋۇز شۇ خىيال بىلەن بىردەم دىلىغۇل بولۇپ قالدى. پالۋان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، مۇشتىنى قىلىچ ئورنىدا ئىشقا سالدى. ئۇلار قاتتىق ئېلىشتى. ئادالەت بىلەن رەزىللىك كۈچى يەنە ئېلىشىشقا باشلىدى. يالماۋۇزنىڭ قولىدا شەمشەر بار ئىدى، بېئوۋۇف گۆش ۋە سۆڭەكتىن يارالغان مۇشتۇملىرى بىلەن يالماۋۇزنىڭ شەمشىرىنى توسىيالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن يالماۋۇز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى ـ دە، پالۋانغا قاراپ مەرتەم ـ مەرتەم ئېتىلدى. پالۋان دەممۇدەم چېكىنىپ ئۆزىنى قوغدىدى ۋە پۇرسەت كۈتتى.

بېئوۋۇفنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۇ سارايىنىڭ قورال ـ ياراغ ئېسىپ قويۇلغان تېمىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ قەدىمكى گىگانت ئادەم ياسىغان بىر زەپەر شەمشىرىنى كۆردى. يالماۋۇزنىڭ جېنى مۇشۇ شەمشەردە ئىدى. مۇشۇ شەمشەرلا بۇ يالماۋۇزنىڭ سېھرىنى يوقىتىپ، جېنىنى ئالالايتتى.

بېئوۋۇف ئېلىشىپ ـ ئېلىشىپ، قەدەممۇقەدەم قەدىمي شەمشەرگە يېقىنلاشتى ـ دە، تامغا ئېسىقلىق غىلاپتىكى شەمشەرنى سەكرەپ ئالدى. پالۋان يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە يالماۋۇز ئېتىلىپ كەلدى. قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى پارتلاپ كېتىدىغاندەك پولتىيىپ چىققانىدى. ئۇ بۇ شەمشەر پالۋاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ئۆزىنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شەمشەرنى پالۋاننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن پالۋان بىلەن قاتتىق



ئېلىشتى، قولىدىكى شەمشىرىنى پالۋانغا تىقىش ئۈچۈن ھەپىلەشتى. پەقەت «تاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئوت چاقناپ، قېرى يالماۋۇزنىڭ شەمشىرى ئۈچۈپ كەتتى ۋە خەنجەر تامغا سانجىلىپ «دىر - دىر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
يالماۋۇز كۆڭلىدە قاتتىق ھەيران بولدى. «ئىش چاتاق بولدى!» دەپ بۇرۇلۇپلا قاچتى. ئەمما، ھالاكەت سىرتىمقى ئۇنىڭ بوينىغا سېلىنغانىدى. ئۇ خەنجەرنىڭ چاقنىشىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۈچۈپ كەتتى ۋە شۇ زامانلا بەدىنى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. قاپقارا قان ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىغا چاچراپ كەتتى. خۇدى قان ياغقاندەك پالۋاننىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدەنلىرى ساپلا قان بولۇپ كەتتى. پالۋان ئېڭىشىپ قارىۋىدى، يالماۋۇزنىڭ ئۆلىدىغان چاغدىمۇ تۆمۈردەك تىرناقلىرى بىلەن قىيا تاشنى تۇتۇۋالغانلىقىنى، چىشلىرى بىلەن تاشنى قاساپ غاجىلاۋاتقانلىقىنى، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
بېئوۋۇف يۈز - كۆزلىرىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ، ئۆزىگە زەپەر ئاتا قىلغان خاسىيەتلىك قىلىچنى تۇتقىنىچە پەلەمپەي ئۈستىدە مۇناردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇردى. بىردىنلا ئۆڭكۈردە ئوت يورۇقى پەيدا بولدى، ساراي خۇددى شام ياندۇرغاندەك بىردىنلا يورۇپ كەتتى. بېئوۋۇف ئۆڭكۈرگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. شەمشەرنى تۇتقىنىچە قەدىمىي تامنى بويلاپ ئىلگىرىلىدى. ھېلىقى چوڭ - كىچىك غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار تامامەن غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. بېئوۋۇفنىڭ تېخى غەزىپى بېسىلمىغانىدى. ئۇ بۇ خاسىيەتلىك شەمشەرنى يەنە بىر قېتىم ئىشلىتىپ گوفاندادىن ھېساب ئالماقچى بولدى.
ئۇ پۈتۈن سارايىنى ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ گوفاندانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالمىدى. ئەجەبا بۇ يالماۋۇز شۇنچە ئېغىر يارىلانغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۆلمەيمۇ قالارمۇ؟ ئۇ ئانىسى بىلەن

بىرگە ئەمەس بولغىيمىدى؟ پالۋان بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن يەنە ئىزدەشكە باشلىدى. قاراڭغۇدا كۆرمەي، ئېھتىياتسىزلىق تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ساۋۇتى تامغا قاداپ قويۇلغان بىر ئەركەك مارالنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرۇلۇپ كەتتى ۋە مارالنىڭ مۈڭگۈزى ساۋۇتنىڭ ھالقىسىغا ئىلىنىپ قالدى. بېئوۋۇف مارالنىڭ مۈڭ-گۈزىنى ساۋۇتنىڭ ھالقىسىدىن ئېلىپ، ئېچىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن غايەت زور ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاۋاز بىلەن تەڭ تام يېرىلىپ تامنىڭ ئىچىدە بىر مەخپىي ئۆي كۆرۈن-دى.

مەخپىي ئۆينىڭ تېمىدا بىر تال شام يورۇتۇپ قويۇلغانىدى. ئۆي ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. شام يورۇقىدا بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر چاقناپ تۇراتتى. چوڭ بىر كۆل رەڭ تاش تۆشەكتە غايەت زور بىر بەدەن ياتاتتى. بېئوۋۇف خاسىيەت-لىك شەمشەرنى تۇتقىنىچە مەخپىي ئۆينىڭ ئىچكىرىگە كىردى. ھېلىقى غايەت زور قارا بەدەن مىدىر - سىدىر قىلمايتتى، ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇ ئەسنادا پالۋان خاسىيەتلىك شەمشەرنى ئويناتتى. سۇس نۇردا ھېلىقى بەدەن ھاڭدەك ئېغىزىنى ئاچتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن قان ئاقمىغا-نىدى. ئۆرۈپ قارىۋىدى، ئۇ دەل يالماۋۇز گوفاندا بولۇپ چىق-تى. ئۇ ئۆلۈپ موردىغا ئايلىنىپ بولغانىدى، سۇندۇرۇۋېتىلگەن قولىنىڭ يېرىمى ساڭگىلاپ قالغانىدى. بېئوۋۇف يالماۋۇزنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ خاسىيەتلىك قىلىچ بىلەن بېشىنى شارتتىدە كېسىۋەتتى. ئۇنىڭ تەلەتى شۇنچىلىك سەت ئىدى. كېيىن بېئو-ۋۇف بايا شىددەتلىك جەڭ بولغان سارايغا قايتىپ كىردى.

بېئوۋۇف گوفاندانىڭ بېشىنى قېرى يالماۋۇزنىڭ جەسىتى-نىڭ يېنىغا قويدى، ئۆزى بولسا پەلەمپەيدە ھاسىرىغىنىچە ئول-تۇردى. ئۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپاسىدىن، قاتتىق جەڭدىن ھال-سىرىغاندەك بولدى، پۈتۈن بەدەنلىرىگە ھارغىنلىق ئوقلىرى تەگ-

دى. ئۇ چىشى يالماۋۇزنى يوقىتىپ، گوفاندانىڭ بېشىنى تاپقاچقا ئۆزىنى يەڭگىللىگەندەك سەزدى. ئۇ قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە قىلىچىنىڭ دەستىگە يۆلەنگىنىچە پەلەمپەيدە ئۇيقۇغا كەتتى...

ئەلقىسسە، سازلىقنىڭ بويىدا پادىشاھ روسكا بىلەن پالۋانلار قولىرىدا ئۇزۇن نەيزە ـ گۈرزە، قالقان تۇتۇشقان ھالدا سازلىقنىڭ بويىنى قوغداۋاتاتتى. ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن بۇلدۇقلاپ تۇرغان سازلىققا قارىدى. بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەتمۇ ئۆتتى. يەنىلا تېۋىش بولمىدى، چۇش بولاي دېگەندە تىت ـ تىت



愿书缺页



بىلمەيمىز، يالماۋۇزنىڭ ئۆۋىسىنىڭ ئەھۋالى بىلەنمۇ تونۇشمايـ
ـمىز. شۇڭا يالماۋۇز بىزدىن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە؛ ئۈچىنچىدـ
ـدىن، بېئوۋۇف يورۇق يەردە، يالماۋۇز قاراڭغۇ يەردە. شۇنداق
بولغاچقا يالماۋۇزغا ئوق ئاتماق ئاسان ئەمەس، توغرا، مەن
ئۇنىڭغا «ئەجدىھا راۋىقى» قىلىچىنى ھەدىيە قىلغانىدىم، ئۇ قىدـ
ـلىچ تۆمۈرنىمۇ لايدەك كېسىپ تاشلايتتى، مۇشۇنداق ياخشى

قىلىچ تۇرۇپمۇ يەنە جەڭنىڭ ئاياغلاشمىغانلىقىغا قارىغاندا جەزمەن ئۇ يالماۋۇزنىڭ ھىيلە - مىكرى بېئوۋۇفنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ئۈستۈن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا دەيمەن، بۇ قېتىم بېئوۋۇفقا نىسبەتەن ياخشىلىقتىن شۇملۇق كۆپرەك تۇرىدۇ...

— بولدى، بەس! — دېدى پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بىز يەنە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرايلى!

ۋۇنفوس تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى، پېشقەدەم سانغۇن مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپىدەك توگۈلۈپ ئۆتتى. پادىشاھ بىلەن پۈتۈن لەشكەرلەر سازلىق بويىدا كۈتۈپ تۇرۇشتى، تىلاۋەت قىلىشتى، كۈتۈپ تۇرۇشتى...

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى، سازلىقتا ھېلىھەم شەپە بولمىدى. كۈنمۇ چۈشتىن ئېگىلدى. ئالاھىزەل گۈگۈم بولغاندا پادىشاھ روسكانىڭ سەۋرى قاچىسى توشتى بولغاي، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە لەشكەرلەرگە قايتىشقا پەرمان چۈشۈردى. چۈنكى بېئوۋۇفقا پايدىلىق ياكى شۇملۇق بولسۇن، ئۇنى يەنە كۈتۈپ تۇرغىلى بولمايتتى. كېچىگىچە ساقلىغان بىلەن ئۇلار بۇ قاقاس سازلىقتا يا يالماۋۇزغا يەم بولۇپ كېتەتتى، يا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاتتى. شۇڭا پادىشاھ قايتىش قارارىغا كەلدى، يىغلاپ تۇرۇپ سازلىقتىن ئايرىلدى.

ئەمما ئون ئۈچ نەپەر گوتلۇق پالۋان ئورنىدىن قوزغالماي جايىدا ئولتۇرۇۋەردى. ئۇلار بېئوۋۇفنىڭ راھەت - پاراغەتتە، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان قېرىنداشلىرى ئىدى. ئۇلار ئاچ قالسىمۇ، توڭلاپ كەتسىمۇ ساھىبىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئازابلانغىنىچە سۇغا قاراپ تۇردى. ئۇلار بېئوۋۇفتىن ئۈمىد كۈتمىگەن بولسىمۇ كۆڭلىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى، بېئوۋۇف سۇدىن تىرىك چىقمىسىمۇ، ئۆلۈكى بولسىمۇ چىقار، دەپ تىلەشتى.

سازلىقنىڭ تەكتىدىكى ئۆڭكۈردە بېئوۋۇف بېشىنىڭ بارغاند-

سېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، قاتتىق ھەيران قالدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى يالماۋۇزنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ كەتكەن خىسلەتلىك قىلىچ خۇددى مۇز تۇۋرۇككە ئوخشاپ قالغانىدى، بەئەينى كرىستالغا ئوخشايتتى، باھار شامىلىدا ئېرىپ تامچىلاپ ئاقتى. بۇ چىشى يالماۋۇزنىڭ ھايات شەمشىرىنىڭ سىمۋولى ئىدى. يالماۋۇزنىڭ ئەرۋاھى ئاستا - ئاستا ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر گۆھەر بىلەن نەقىشلەنگەن خىسلەتلىك شەمشەرنىڭ دەستىسى قالدى.

شۇ ئەسنادا بېئوۋۇفنىڭ روھى ئۇرغۇدى، ۋۇجۇدىدىن ئۇر-لەپ تۇرغان ھارغىنلىق تۇمانلىرى تارقاپ كەتتى. ئۇ شەمشەرنى تۇتقىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشتى ۋە تام تۈۋىدىكى غىلاپنى ئېلىپ،



شەمشەرنى غىلاپقا سالدى. ئۇ يەنە ئۆڭكۈردىكى ئالتۇن ـ كۈ-
مۈش، بايلىقلارغا قارىدى. ئۇ بايلىقلارغا قىزىقمىدى، پەقەت
گوفاندانىڭ كاللىسى بىلەن بۇ خاسىيەتلىك شەمشەردىن باشقا
ھېچقانداق نەرسىنى ئالمىدى. ئۇ پادىشاھ بىلەن سەپداشلىرىنىڭ
سىرتتا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، شۇ ھامان ئۆڭكۈر-
دىن ئايرىلدى.

بىر ئازدىن كېيىن يەر ئۈستىگە ـ سازلىققا چىقتى. گوفاندا-
نىڭ كاللىسى سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى. گوتلۇق پالۋانلار ساھىبى-
نىڭ سۇ يۈزىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بو-
لۇشتى ۋە بېئوۋۇلفنى قىرغاققا تارتىپ چىقتى. پالۋاننىڭ
ئامان ـ ئېسەن زەپەر قۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، تەڭرىگە
رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى؛ ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىكار كەتمىدى.
ئۇلار ئاخىر ساھىبى بېئوۋۇلفنى كۆردى.

گوتلۇق پالۋانلار بېئوۋۇلفنىڭ قولىدىكى جەڭ غەنىيمىتى
گوفاندانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قىيا تاشنىڭ يېنىغا تاشلىۋەتتى.
بېئوۋۇلفنىڭ ئۈستىۋېشىدىكى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى يەشتى.
ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتۈپ پاكىزلىدى. پالۋان-
لار جۇلالاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ تۇرغىنىچە بېئوۋۇلف-
نىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قۇرۇتتى، بېئوۋۇلف ئۇلارغا يالما-
ۋۇز بىلەن قانداق ئېلىشقانلىقىنى، ئېلىشىشنىڭ قاتتىق دەھشەت-
لىك بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇلار پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبا-
رى بىلەن بېئوۋۇلفنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى...

سەككىزىنچى قىسسە

# زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكى، پادىشاھنىڭ كاتتا تارتۇقلىغانلىقى

قۇياش قىيا تاشلار ئارىسىدىن ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈپ چىققاندا سازلىقتىكى سىپسىق دولقۇنلار يوقالغانىدى. سەھەردىكى تۇماندا غەلىتە قىيا تاشلار ئۈستىدىكى قار - قىرولار ئېرىشكە باشلىدى. كۆيۈپ بولغان گۈلخاندىن سۇس ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. پالۋانلار گۈلخانغا قاقلىنىپ، قاقاس سازلىقتا سوغۇق بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ زەپەر قۇچۇپ قايتتى.

ئۇلار قىرغاقتىكى چىغىر يولنى بويلاپ، خۇشال ھالدا ئەگ- رى - توقاي تاغ يولىغا كىردى. تۆت پالۋان گوفاندانىڭ كاللى- سىنى نەيزىگە ئىلىپ ھۆممىدىگىنىچە كېتىۋاتاتتى. بېئوۋۇف پال- ۋانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈردى، قاقاسلىق ئاستا - ئاستا ئۇلار- دىن يىراقلاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پىششىق تونۇشلۇق مارال سارىيىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى.

پادىشاھ روسكا ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار، سانغۇن، مۇشاۋىرلار سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر كېچە ئۇيقۇدىن بىدار بولدى. بولۇپمۇ چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان پادىشاھ روسكا بېئو- ۋۇف قانداق بولغاندۇ، بۈگۈن ئاخشام چىشى يالماۋۇز يەنە كې- لىپ، مارال سارىيىنى پايمال قىلارمۇ؟ دەپ ۋايىم يىدى. ئۇ

بىر كېچىنى ئەنە شۇنداق تەشۋىش ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ تاڭ يورۇغاندا ھەممە كىشىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى كۆرۈپ، چىرايىدا ئاسايىشلىق پەيدا بولدى. شۇ چاغدا ئۇ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، سانغۇن ـ مۇشاۋىرلىرى بىلەن سارايدا ئولتۇرۇپ، سازلىقتا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ باقايلى، دەپ كېڭەش قۇردى. توساتتىن ئىشىك سىرتىدا، شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاڭلاندى، چىناردەك بەستلىك گوت پالۋانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە باھادىر بېئوۋۇلف مارال سارىيىغا ھەيۋەت قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى.

شۇ ئەسنادا مارال سارىيىنى گۈرىستان جىمجىتلىقى قاپلىدى. ئەلەمدار ـ قەلەمدارلار، سىپاھ ـ مەنسەپدارلار ھەيران قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شادلىق نۇرلىرى چاقنايتتى.

— بېئوۋۇلف قايتىپ كەلدى! بېئوۋۇلف قايتىپ كەلدى! — دېگەن سادا ئاڭلىنىشى بىلەنلا كىشىلەر ئۇيقۇدىن ئويغىنىشقاندەك، ئارقا ـ ئارقىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تەنتەنە قىلىشتى. پادىشاھ روسكا كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە مىڭ بىر جەبرى ـ جاپالارنى يېڭىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن پالۋانلارغا قارىدى، قاتتىق ھاياجاندىن بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

بېئوۋۇلف سارايغا كىرىپ خان ئاتىسى بىلەن سالام ـ سائەتلەشكەندىن كېيىن گوفاندانىڭ بېشىنى كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى. سارايدىكىلەر يالماۋۇزنىڭ قان بولۇپ كەتكەن قورقۇنچلۇق كاللىسىنى كۆرۈپ، قاتتىق چۆچۈشۈپ كەتتى.

پادىشاھ روسكا بېئوۋۇلفنىڭ پالۋانلارچە جاسارىتىنى، سازلىقتىن ئەكەلگەن سوۋغىتىنى كۆرۈپ، قەۋەت خۇشال بولدى ۋە ھاياجان ئىلكىدە دېدى:

— بېئوۋۇلف، سۆيۈملۈك ئوغلۇم! مەن سىزنىڭ ئامان ـ

ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ غەمدىن خالاس بولدۇم، بېشىمدىن تاغ يىقىلغاندەك بولدى. كېچىدىن بېرى ئانىڭىز بىلەن ئىككىمىز سىزدىن غەم يەپ، كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدۇق ئوغلۇم، مەن سىزنى سازلىقتا كۈتەلمەي قايتىپ كەلدىم، بۇنى كەچۈرۈڭ. ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالدى. قېنى تېز بايان ئەيلەڭ، سىز سازلىقتا نېمە كەچۈرمىشلەرگە يولۇقتىڭىز، يالماۋۇزلارنى قانداق يوقاتتىڭىز؟

بېئوۋۇف يالماۋۇزنىڭ بېشىنى تېپىپ تورۇپ، ياڭراق ئاۋاز بىلەن سازلىقتىكى خەتەرلىك، يىرگىنچلىك جەڭنى سۆزلەپ بەردى.

... ـ سۇ ئاستىدا قاتتىق خەتەرلىك جەڭ بولدى. قېرى يالماۋۇز جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى. ئۇلۇغ خان ئاتامنىڭ دۇئاسى، مەدەتى بىلەن مەن ئۇ قېرى يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالدىم. ۋونفوس ماختاپ ئۇچۇرغان «ئەجدىھا راۋىقى» شەمشىرى كېرەكسىز تۆمۈرگە ئوخشاشكەن، ئۇ يالماۋۇزنىڭ بىر تال مويىنىمۇ كېسەلمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا بىر خاسىيەتلىك قىلىچ ئاتا قىلدى. مانا بۇ قىلىچ يالماۋۇزنىڭ ئەپسۇنىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. مەن بۇ قىلىچ بىلەن ئۇ يالماۋۇزنى چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتىم. مەن يەنە گوفاندانىڭ جەسىتىنى تېپىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋالدىم. تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، مەن ئانا يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بۇ قىلىچ تامچە ـ تامچە قان بولۇپ ئېرىپ، ئاخىر ئۇنچە ـ مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەنگەن مۇشۇ دەستە قالدى...

بېئوۋۇف سۆزلىگىنىچە قىلىچنىڭ دەستىسىنى پادىشاھ روسكاغا سۇندى. ئانا يالماۋۇزنىڭ جېنى ئەمدى بۇ قىلىچتا يوق ئىدى. پادىشاھ قىلىچنىڭ دەستىسىنى ئۇياق، بۇياققا ئۆرۈپ قارىدى.

بېئوۋۇف پادىشاھنىڭ قىلىچنىڭ دەستىسىگە سىنچى كۆزلە-



ـرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە يەنە سۆزىنى باشلىدى:

— خان ئاتا، مەن سىلىگە شۇنداق دەپ ۋەدە بېرىمەنكى، ئەمدى مارال سارىيىغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئاۋام پۇقرالىرىم خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قالارمۇ، دەپ ۋايىم يېمىسىلە، يالماۋۇز- لار يەنە ۋەيران قىلارمۇ، دەپ ئەنسىرىمىسىلە. بۇلارنىڭ ھەممە- سى مەڭگۈلۈككە ئاياغلاشتى!

پادىشاھ روسكا خىيالدىن ئويغانغاندەك بولدى ـ دە، بېئو- ۋۇفقا ئالدىراپ چۈشەندۈردى:

— ياق ئوغلۇم! مەن بۇنىڭدىن كېيىن يەنە يالماۋۇز كې- لىپ، مارال سارىيىنى پايمال قىلارمۇ، دەپ ئەنسىرەۋاتقىنىم يوق، بەلكى خاسىيەتلىك قىلىچتىن قەدىمكى دەۋرلەردە قىياندا ئۆلۈپ كەتكەن بىر غەلىتە ئادەمنىڭ ھېكايىسىنى بايقىدىم، ئۇ سىرلىق ھېكايە بۇ قەدىمىي قىلىچنىڭ دەستىسىگە نەقىش قىلىپ ئويۇلۇپتۇ.

پادىشاھ روسكا ھەسرەت نەزەرى بىلەن قىلىچنىڭ دەستىسى- گە قارىدى. قىلىچنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان دەستىگە گىرمانلارنىڭ قەدىمىي يېزىقى رەتلىك قىلىپ ئويۇلغانىدى. بۇ خەتلەر قىلىچ- نىڭ دەستىسىنى خۇددى ئەپسۇندەك ئوراپ تۇراتتى. خەتلەرنىڭ قۇر ئارىلىقىدىن بۇ قىلىچنى سوققان ئۇستىنىڭ بۇ قىلىچنى سوقۇشىدىكى سىرى خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەدىمكى بىر ھەكىم بىر قىلىچقا گىگانت ئادەملەر قوۋمىنىڭ مەڭگۈلۈك تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلغاچقا، ئۇلارنى پۈتۈنلەي توپان يۇتۇپ كەت- كەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى قەدىمكى گوۋ يېزىقىدا خاتىرى- لەپ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ئاسىيلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ ئا- شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. ئەمما، مىڭ ئەسىرلەردىن بېرى بۇ خاسىيەتلىك قىلىچنىڭ ئۇ چىشى يالماۋۇزنىڭ ئۆڭكۈرىدە نېمە ئۈچۈن ئىسقىلىق تۇرغانلىقىنى بىل-

گىلى بولمايتتى. ئەمما، قىلىچ ئاخىر يىرگىنچلىكنى توگىتىپ، چىشى يالماۋۇزنىڭ قېنى بىلەن قوشۇلۇپ ئېرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغانىدى. بۇ «ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش» دېگەن قائىدىنى، ھەققانىيەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ روسكانىڭ قەلبى يايراپ كەتتى. ئۇ بۇ قىلىچنىڭ دەستىسىدىن ئىلھام ئالدى - دە، كۆزىنى قىلىچنىڭ دەستىسىدىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان سارايغا يۆتكىدى. كىشىلەر روسكانىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى:

— خوش! ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن ھەققانىيەت يولىدا ماڭغان ئادەم ئۆتمۈشنى ئۇنتۇمايدۇ، مەن شۇ تاپتا شۇنداق جاكارلايمەنكى، بېئوۋۇلف، جېنىم دوستۇم، سىز تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلدىڭىز؛ تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى؛ ئۇلۇغ نامىڭىز ئالەمگە تارقالغۇسى، مۇبارەك نام - شۆھرىتىڭىزنى قوۋم - قەبىلىلەر ماختاپ - تەرىپلىگۈسى! مەن ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇراي، ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال بىر شەرتىم بار. دەۋالاي: سىز كەلگۈسىدە ئاۋام - پۇقرالارنى يۆلەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك، لەشكەر - جەڭچىلەر تايىنىدىغان تاغ بولۇڭ.

سارايدا بىر ھازاغىچە گۇلدۇراس، ئالقىش - سادالار كۆتۈرۈلدى. ساراي تەنتەنە - شادىيانە كەيپىيات بىلەن تولدى. پالۋان يۈكسەك شان - شەرەپكە ئېرىشتى، كىشىلەرگە قول پۇلاڭلاتقىنچە ئېھتىرام بىلدۈردى.

كېيىن پادىشاھ پالۋانغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

— ئوغلۇم، ئېسىڭىزدە بولسۇن، دانىيىنىڭ زوراۋان پادىشاھمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغۇدى، شۆھرەتلىك دانىيىنىڭ بالايىئاپىتىگە ئايلاندى. ئۇ كىشىلەرگە بەخت - سائا-

دەت ئەمەس، بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىن-
چىلىق پەيدا بولدى. ئۇ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈردى. ئاۋام -
پۇقرالارغا چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە زوراۋانلىق قىلدى. شۇ
ۋەجىدىن ئۇ سۈرگۈن قىلىندى، ئۆزى تەنها قالدى. تارىختىكى
گۇناھكارغا ئايلاندى. ئۇلۇغ تەڭرىم ئۇنىڭ ھەممە تەلىپىنى قاندۇ-
رۇپ، ھەممىدىن ئۈستۈن قىلدى. ئۇنىڭ پەرمانى ئۇلۇغ بول-
دى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىدە بارغانسېرى رەزىللىك پەيدا بولدى،
يامان نىيەت باش كۆتۈردى، تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلدى. ئاۋام
- پۇقرالارنى دەپسەندە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرمەندە بو-
لۇپ، ئاخىر دوزاخقا كىردى. بۇ ساۋاقنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ،
سۆيۈملۈك ئوغلۇم!

پادىشاھ روسكا بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:

— بالام، سىز باتۇر، دۇرۇس بولسىڭىز بەخت - ئىقبالىڭىز چەكسىز بولىدۇ. كەلگۈسىدە سىز گوتلارنىڭ شاھى بولىسىز. دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ، مەن سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي!

مېھرىبان تەڭرىم ئالىي نەسەبتىن كېلىپ چىققان بىر ئادەمگە بۇ دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى ئاتا قىپتۇ. ئۇ چەكسىز زېمىندى، زور خاندانلىقنى ئىدارە قىپتۇ، شان - شەرەپ، راھەت - پاراغەتتىن بەھرىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاھاندا مەنچىلىك ئادەم يوق، دەپ كۆرەڭلەپ، كۆن بويى كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە دەخلى - كاشىلا قىلماپتۇ، ئۇ جەڭ، خىرىس دېگەنلەرنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ. پۈتۈن جاھان ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ. ئۇ يامانلىقنىڭ، ئەسكىلىكنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەپتۇ. يېنىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل، دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاستا - ئاستا بىر خىل تەكەببۇرلۇق پەيدا بوپتۇ،

ئۇنىڭ مەھشەر كۈنى بارغانسېرى يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قىلچە بىلمەپتۇ.

ئۇ شۇنچە نەرسىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلماپتۇ، بارغانسېرى ئاچ كۆزلىشىپ كېتىپتۇ، قەبىھلىشىپتۇ. تەڭرىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، ئاۋام - پۇقرالىرىنى تامامەن خىيالىدىن چىقىرىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ مەھرشەر كۈنى يېقىنلىشىپتۇ، بەدىنى ئاجىزلاپتۇ، قىسمەت بورانلىرى ئۇنىڭ راھەت - پاراغەت دەرەخلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر پادىشاھ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ئاۋام - پۇقرالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

سۆيۈملۈك ئوغلۇم بېئوۋۇف، ئاشۇنداق قارا قىسمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باقماق كېرەك، ئادەم تەڭرى يولىنى تۇتقاندىلا ئەرشئەلاغا چىقىدۇ، جەننەتتى رىزۋاننىڭ نۇرلىرىغا پۈركىنىدۇ.

بېئوۋۇف بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ، ھېكايىنى چۈشەنگەندەك ھەم چۈشەنمىگەندەك گويا تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدى.

پادىشاھ بېئوۋۇفنىڭ بۇ ھېكايىنى چۈشەنمىگەندەك قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە سۆز باشلىدى:

— سۆيۈملۈك ئوغلۇم، ھەرگىز مەغرۇرلانماڭ، سىزنىڭ نامىڭىز ھازىر جاھانغا تارالدى. نامىڭىز قەھرىمان، باھادىر دەپ ئاتالدى. مۇشۇنداق بىر چاغلاردا كېسەللىك ياكى جەڭ سىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىڭىزنى خورىتىشى مۇمكىن، ياكى ئىسسىقتىن تىلىڭىزغا بالا تېگىشى؛ ياكى سىزنى توپان ئېقىتىپ كېتىشى؛ ياكى سىزگە نەيزە - قىلىچ ئۇرۇلۇشى؛ ياكى قېرىلىق يېتىپ، كۆزلىرىڭىزنىڭ گۇنى كېتىشى مۇمكىن. ھالاكەت ئالۋاستىسى سىزنى تۇتۇۋالغاندا پۇشايمان قىلغىنىڭىز بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ!



مەن خان بولۇپ، دانىيىلىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا ئەللىك يىل بولدى. نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى چېكىندۈردۈم. بىرمۇ دۈشمەن - رەقىبىمنى تاپالمىغۇچە ئۇرۇش قىلدىم. ئەمما، ئوغلۇم، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. ئامان - ئېسەن چاغلاردا ئەل - ۋەتىنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز كۈن چۈشۈپ قالدۇ. ئەنە يالماۋۇز گوفاندا تۇيۇقسىز كېچىسى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋام پۇقرالىرىمنى پايمال قىلدى، دەپسەندە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر دەقىقىمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم. قۇتقازغۇچى تەڭرىمگە رەھمەت، مەڭگۈلۈك تەڭرىمگە مىڭ ھەشقاللا. مانا مەن بۈگۈنگىچە ياشاۋاتىمەن، سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن ئۇ مەلئۇنلار يوقىتىلدى. مەن گوفاندانىڭ قانغا مىلەنگەن كاللىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئوغلۇم گېپىمنى ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

پادىشاھ ئېغىز - تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكۈچە سۆزلىدى. يۈرەك سۆزلىرىنى دېدى، شۇنىڭ بىلەن بېئوۋۇلف چۈشەندى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— خان ئاتا، مەن كۆڭۈللىرىنى چۈشەندىم، سىلىنىڭ ئۈمىدلىرىنى زىنھار يەردە قويمايمەن!

شۇ ئەسنادا سارايدا كاتتا زىياپەت ھازىرلىنىپ بولغانىدى. جامائەتنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ كورკىراپ كەتكەنىدى. پادىشاھ روسكا:

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭلار، پالۋانلار، سىلەرنىڭ نامىڭلار ھەقىقەتەن بىكارغا تارالمىغانىكەن! بىز بۈگۈن يالماۋۇز گوفاندانىڭ رەزگى كاللىسىغا قاراپ تۇرۇپ، قانغۇچە مەي - شاراب ئىچەيلى! — دېدى.

سارايدا نەغمە - ناۋا ياڭرىدى، بېئوۋۇلف ئۆزىنىڭ پالۋانلىرى بىلەن بىللە زىياپەتتىن ئورۇن ئالدى. مۇلا-

زىمىلار پەتنۇس ـ لىگەنلەردە نازۇ نىمەتلەرنى، شىرىن مەي ـ شارابلارنى ئېلىپ كىرىشتى. ئۇلار قانغۇچە يەپ ـ ئىچىشتى، بىئوۋۇفنىڭ تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ئۈستىدە سۆزلەشتى. پادىشاھ روسكانىڭ دانا، مەردلىكى ئۈستىدە پاراڭلاشتى.

پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان كەچكى شەپەق نۇرى سارايىنى ئوتتاشتەك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. زېمىنغا تۈن پەردىسى يېپىلدى، زىياپەت ئاياغلاشتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، سارايدىن قايتىشتى. شامال قوۋمىنىڭ پالۋانىغا ھاردۇق يەتكەنىدى. بىرقانچە كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇيقۇ ئوقلىرى تەگدى. ھارغىنلىق تاشلىرى ئېتىلدى. بىر مۇلازىم ئۇنى زىياپەتتىن باشلاپ چىقتى. پالۋان بىلەن لەشكەرلەرمۇ سەلتەنەتلىك بۇ سارايدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ راھەتلىك ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى.

بۇ تىنچ بىر كېچە ئىدى. كىشىلەر يالماۋۇزدىن ئەندىشە قىلمايتتى؛ بۇ بىر راھەتبەخش كېچە ئىدى. گوتلۇق پالۋانلار ئۆزلىرىنى كىيىملىرىنىڭ يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ، دولقۇن يېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىگە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېتىۋاتقان ھالدا چۈش كۆردى...



# توققۇزىنچى قىسسە

## زەپەر قۇچقان پالۋانلار

قۇياش قويۇق ئورمانلىقتا قايتا كۈلۈپ باققان چاغدا، گوت پالۋانلىرى يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، غەلىبە خەۋىرىنى ئانا ۋەتىنىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مارال سارىيى بىلەن خوشلىشىشقا تەق بولۇشۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا پالۋانلارنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن دىدارلىشاتتى.

مارال سارىيىنىڭ چوڭ ئوردىسىدا دانىيىنىڭ دانا پادىشاھى روسكا ئاۋام پۇقرالىرى بىلەن بىللە پالۋانلارنىڭ كېلىشىنى ساق-لاپ تۇراتتى.

ھايال ئۆتمەي، بېئوۋۇف ئون ئۈچ پالۋاننى باشلاپ، زەبەر-دەست قەدەملىرى بىلەن جۇشقۇن ھالەتتە ئوردىغا كىرىپ كەلدى. بېئوۋۇف ئاۋۋال قارا كىيىملىك مۇنازىرىچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان «ئەجدىھا راۋىقى» شەمشىرىنى چىرا-يىدىن تېڭىرقاش چىقىپ تۇرغان ۋونفوسقا قوش قوللاپ ئۇزارت-تى:

— سانغۇن، شەمشەرلىرىگە ھەشقاللا. بۇ تەڭداشسىز شەم-شەر بىلەن يالماۋۇزنىڭ ئانىسىنى يوقىتىپ تۆھپە ياراتتىم. ئەمدى بۇ شەمشەرنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەي، سانغۇن جاناب-لىرى، تاپشۇرۇۋالغايلا!

ۋونفوس قورۇق باسقان چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ، «ئەجدىھا راۋىقى» شەمشەرىنى قوش قوللاپ ئالدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. بېئوۋۇف مۇشۇ شەمشەر تۈپەيلى جېنىنى سېلىپ بەرگىلى قىل قالغانلىقى ھەققىدە لام - جىم دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋونفوسنىڭ كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان ئىدى. ئۇ بېئوۋۇفنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولماي تۇرالمىدى. ئۇ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قىلچە خىجىل بولماستىن ئېيتتى:

— كۆڭلى - كۆكسىڭىز دەريادەك كەڭ ئىكەن، پالۋان بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ ئىكەنسىز. پالۋان، تېنىڭىزگە ئامان - ئېسەنلىك يار بولغاي، سەپىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاي!

كېيىن، بېئوۋۇف چېكە چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان پادىشاھ روسكانىڭ تەختى ئالدىغا كېلىپ، قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن ئېيتتى:

— دانىيىلىكلەرنىڭ مۆھتىرەم رەھبىرى، كۆيۈمچان شاھ ئاتا! ئەمدى بىزگە ھېيرانىڭ يېنىغا قايتىشىمىزغا رۇخسەت بەرگەيلا، بىزنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋالغانلىرىغا، بەرگەن ئىنئاملىرىغا ھەشقاللا، قەدىردان شاھ ئاتا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىش يەنە نېسىپ بولۇپ قالسا، ھەر ۋاقىت خىزمەتلىرىدە بولۇشقا تەييارمەن.

ئەگەر قوشنا ئەللەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپلا قالسام، خىللانغان لەشكىرىمنى باشلاپ ئالدىلىرىدا ھازىر بولىمەن. ھايتلا دەپ قويسىلا ئەسلى - ۋەسلىم كەتسىمۇ ئۆزلىرىنى قوغدايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ناۋادا ئوغۇللىرى رولىچ گوتلارنىڭ ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشنى خالىسا، ئۇ يەردە نۇرغۇن يار - بۇرادەرلەرنى تاپالايدۇ.

بېئوۋۇفنىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھ روسكانىڭ كۆڭلى يايراپ، يېنىش - يېنىشلاپ مەدھىيە ئوقۇدى:

— ئوغلۇم بېئوۋۇف، مەن ھەقىقەتەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن. مۇنداق چىرايلىق سۆز دۇردانىلىرى پەقەت سىزگە ئوخشاش باھادىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. مەن ئەزەلدىن بۇنچە ياش تۇرۇپ، پىشقان، ئەقىل - ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىنساننى كۆرۈپ باقمىغان، ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە مۇناسىپ ئىكەنسىز.

قەدىرلىك بېئوۋۇف، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. ئالىمادىس لېيزىرنىڭ ئوغلى سىزنىڭ تاغىڭىز كۇتۇلمىگەن تالاپەتكە يولۇقۇپ قالغاندا ياكى كېسەل بولۇپ كېتىپ قالغاندا، سىزلا ساق بولسىڭىز مېنىڭچە، گوتلار پادىشاھ قىلىشقا سىزدىنمۇ ياخشىراق ئادەمنى تاپالمايدۇ. چۈنكى سىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىڭىز، پارلاق نەتىجىلىرىڭىزگە ھېچقانداق ئىنسان يېتەلمەيدۇ.

سىز بىزگە ناھايىتى چوڭ ئىش قىلىپ بەردىڭىز. سىزنى مەڭگۇ قەلب تۆرىمىزدە ياد ئېتىپ تۇرىمىز. مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گوتلار بىلەن دانىيىلىكلەر مەڭگۇ ئۇرۇشماي تىنىچ ئۆتىدۇ. بۇ پايانسىز ئەلگە مەنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەنمەن، ئىككى ئەل خەلقى ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇرىدۇ. قەدىرلىك ئوغلۇم، ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇقى دېڭىزغا ئوخشاش تېرەن بولغاي، سۇيى مەڭگۇ قۇرۇمىغاي!

ياشىنىپ قالغان پادىشاھ روسكا گېپىنى تۈگىتىپ، ئوردىدا بېئوۋۇفقا ئون ئىككى تال ئەنگۈشتەر ئىنئام قىلدى. بۇ كاتتا ئىنئامنى ئۆز كىشىلىرىگە ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈشنى، ئۇلارنىڭ پات - پات كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىنى تىلىدى.

ئاخىردا كەرەملىك پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ، بېئوۋۇفنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. كۆز ياشلىرى ئاپئاق ساقاللىرىنى نەملىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن قالمىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئېھتىمال، بۇ ئەڭ ئاخىرقى يۈز كۆرۈشۈش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ بېئوۋۇفقا بەك ئامراق بولۇپ قالغاچقا، كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختىتالمىدى. قەلبىدە

پالۋانغا بولغان ئۇتلۇق مېھرى قايناپ تاشتى...
بېئوۋۇفنىڭ قەلبى ئۆركەشلەپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ شاھ ئاتىسىنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ خېلىغىچە قويۇپ بەرمىدى.
ئەقىل ئاخىر ھېسسىياتتىن غالىب كەلدى. روسكا بېئوۋۇفنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، چوڭقۇر مېھىر بىلەن ئېيتتى:
— خەير - خوش بالام! ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي...
بېئوۋۇف ئەڭ ئاخىرىدا روسكانىڭ لىق ياشقا تولغان مېھىرلىك كۆزىگە بىر قاراپ قويۇپ، كەسكىنلىك بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، مارال سارىيىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى.
زالدىكى كىشىلەر دەۋرەپ كەتتى، ئۇلار پالۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قۇچاقلىشىپ ۋىدالاشتى، گۈزەل تىلەكلەر زال ئىچىنى بىر ئالدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ شەپقەتچىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇنىڭ زەبەردەست قامىتىنى يەنە بىر كۆرۈۋالغۇسى، ئۇنىڭغا يەنە «شەپقەتچىمىز، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دەۋالغۇسى كېلەتتى.
بېئوۋۇف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى زالدىن يېشىل چىمەنلىككە قەدەم باستى، ھەشەمەتلىك مارال سارىيى ئوردىسىغا بىر قاراپ قويۇپ: «ئەلۋىدا، پالۋانلار ئېلى! ئەلۋىدا، ئاق كۆڭۈل خەلق!» دېيىشتى.
كۆز يەتكۈسىز دېڭىزدا دولقۇنلار مەۋج ئۇراتتى. دېڭىز شاۋقۇنى گويا شەرەپ بىلەن قايتقان بۇ پالۋانلارنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېلىقى دېڭىز قاراۋۇل باشلىقى پالۋانلار بىلەن يەنە بىر مەرتەم كۆرۈشتى. بۇ قېتىم ئۇ قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ، مېھمانلاردىن تەكەببۇرلارچە ھال سورىماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ بېرىپ، پالۋانلارنىڭ سەپىرىنىڭ



ئۈگۈشلۈق بولۇشىنى، غەلىبە قىرغىقىغا بالدۇرراق يېتىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن تىلىدى.

ئەگمەچ بويۇنلۇق يوغان كېمە دېڭىز ساھىلىغا توختىتىپ قويۇلغاندى. پالۋانلار قورال - ياراغ، دۇبۇلغا - ساۋۇت، پۇل - پۇچەك ۋە ئارغىماقلىرىنى كېمىگە باستى، دېڭىز قاراۋۇلىنىڭ كېمىسىنى ياخشى ساقلاپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بېئوۋۇلف ئۇنىڭغا ئالتۇن يالىتىلغان شەمشەردىن بىرنى سوۋغا قىلدى.

كېمە قوزغالدى، پالۋانلار كېمە يەلكىنىنى كۆتۈرۈپ زۇمرەتتەك دولقۇن تامان يۈرۈپ كەتتى دېڭىز قاراۋۇل باشلىقى قىرغاقتا، تىك قىيادا تۇرۇپ، پالۋانلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى، كېمە دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. دېڭىز بورىنى گويا پالۋانلارنىڭ يۈرتىغا بولغان ئوتتەك سېغىنىشىنى بىلگەندەك، كېمە يەلكىنىنى كۈچەپ ئىتتىرەتتى. سەپەر ھەقىقەتەن ئۈگۈشلۈق بولدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، دانىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقى كۆرۈنمەي قالدى. ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز سۇ، دېڭىز بورىنىنىڭ ھۇشقۇيتىشى ۋە دېڭىز چايكىسىنىڭ چىرقىرىشىدىن ئۆزگە ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى.

بېئوۋۇلف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېمە ئىچىدە ئولتۇرۇپ، كېمە خادىسىغا ئېسىپ قويۇلغان زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن مۇقەددەس بايراققا قاراپ چەكسىز ھۇزۇر ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى. خۇشاللىقىدا «پالۋانلار ناخشىسى» غا غىڭشىشىقا باشلىدى:

بىزلەركى شەرەپلىك گوت پالۋىنى،
ئىرادىمىز تاۋلانغان ھەيۋەت دېڭىزدا.
قورقمايمىز، قۇترىغان بوران، دولقۇندىن،
زەپەر تۇغى يەلپۈنەر ئېگىز خادىدا.



ئالغا، ئالغا، ئالغا باس،
قورقماس پالۋانلار!
..............

تۆن پەردىسى يېيىلىپ دېڭىز ئەسلىدىكى تىنچ ھالىتىگە قايتتى، كېمىنىڭ سۈرئىتىمۇ ئاستىلاپ قالدى، پالۋانلار كېمىدە نازۇ نېمەت، مەي - شارابلارنى تىزىپ، زوق - شوخ بىلەن يەپ - ئىچكەچ پاراڭلاشتى، نەچچە كۈندىن بۇيانقى يوـ رەكنى لەرزىگە سالغۇدەك كەچۈرمىشلەرنى ئەسلەشتى. يات ئەل ئۈچۈن جېنىنى تەسەددۇق ئەيلىگەن ھەمراھلىرىنى سېغىنىشتى، ئۆيىگە قايتىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولغان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى.
بېئوۋۇف ئۆچىسىغا پادىشاھ روسكا ئىنئام قىلغان دۇـ بۇلغا - ساۋۇتنى كىيىپ، بېلىگە ئالتۇن بىلەن مەرۋايىت كۆز قويۇلغان شەمشەر، بوقىنىغىدەك توم بويىنىغا خانىش ۋېسئول ئىنئام قىلغان يوغان مارجاننى ئېسىپ، زىياپەت سورۇنىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، ھەمراھلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تىڭشىـ ماقتا ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ شاراب ئىچىپ قوياتتى. ئۇ گويا كۆڭلىدە مۇھىم بىر ئىش باردەك، لام - جىم دېمەي ئولتۇراتـ تى. پەقەت ئاندا - ساندا ھەمراھلىرىنىڭ گېپىگە كۈلۈمسىرىگىـ نىچە باش لىڭشىتىپ قوياتتى.
— تەڭداشسىز يولباشچىمىز بېئوۋۇف ئاغا! سىز ھالا بۇـ گۈن شۇنچە تۆھپە يارىتىپ، نامىڭىز جاھانغا تارالدى. كۆڭلىـ ڭىزنى بىئارام قىلغۇدەك يەنە نېمە ئىش بار؟ بىزگە دەڭچۇ، كۆڭلىڭىزدە كېزىۋاتقان زادى نېمە خىيال؟ — دەپ سورىدى بىر پالۋان شاراب رومكىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.
— ھىم، — بېئوۋۇف بىر ھازا تېڭىرقاپ قالدى - دە، دەرھال گېپىنى داۋام ئەتتى، — مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش كىنىـ

دىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى سېغىندىم. شۇ تاپتا كۆڭلۈمگە تەڭداشسىز باتۇر تاغام ھېيرا كىرىۋالدى. ئۇ ماڭا ئۆز ئوغلىدەك قارىدى، كىچىكىمدىن تارتىپ ماڭا قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگەتتى، ئەلەم ماھارىتى ئاتا قىلىپ، چەكسىز ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئاشۇ مېھرىبان دادا سۈپەتلىك پادىشاھ ھېيرا بولمىغان بولسا، مېنىڭ بۈگۈنكى نەتىجەم بولاتتىمۇ؟ تاغام بىلەن كۆرۈشكەندە بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىم — پادىشاھ روسكا ۋە ۋېسئول ماڭا ئىنئام قىلغان مۇنۇ يوغان مارجاننى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈمدىن ئىپتىخارلاندۇرۇش بولسۇن.

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز. ۋاپاغا ۋاپا بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىق پەسكەشلىكتۇر. بەك جايىدا ئويلاپسىز، دانىيە پادىشاھىنىڭ سىزنى «بۇنچە ياش تۇرۇپ، ھەممە جەھەتتە پىشىپ - يېتىلىپتۇ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن، — دېدى ھېلىقى پالۋان مەدھىيە ئاھاڭىدا.

— مەن يەنە ھېلىقى گۈزەل خانىش ھاممامنى تولىمۇ سېغىندىم. ئۇ ئەقىل - ئىدراكتا شۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، گوتلارغا ياتلىق بولغىنىغا ئاران نەچچە يىللار بولغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە ئەقلىي كامالىتى بىلەن پۈتۈن ئەل خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئەمما، ھاممام بەك رايىش، تاغام نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدۇ. مەن روسكا ئېيتقان پەرەزنىڭ بىزنىڭ ئائىلىدە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن... — دېدى بېئوۋۇف كۆزلىرىدىن غۇۋا بىر نۇر چاقنىتىپ تۇرۇپ.

— قايسى پەرەزنى دەيسىز؟ بىز ئەجەب خەۋەرسىز ئىكەنمىزغۇ؟ — بەس - بەستە سوراشتى پالۋانلار.

— بولدى، سورىمايلا قويۇڭلار. بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى ئەڭ ياخشىسى بىلمىگىنىڭلار تۈزۈك! — دېدى

بېئوۋۇف كەسكىنلىك بىلەن شارابتىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ.
بۇ گەپ بىلەن پالۋانلار قايتا ئېغىز ئاچالمىدى. ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان تولۇنئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە ئەكس ئېتەتتى. كېمە مەيىن شامالنىڭ تۈرتكىسىدە بىر خىل رىتىمدا كېتىپ باراتتى. بېئوۋۇف ئورنىدىن تۇرۇپ، نەزەرىنى دېڭىز مەنزىرىسىگە ئاغدۇردى ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئېيتتى:
— بۇرادەرلەر، ئاڭلىشىمچە ئەقىل - پاراسەت بىلەن باتۇرلۇق بىرلەشكەن چاغدا، ئەقىل - پاراسەت باتۇرلۇقنى يېتەكلىگەندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىكەن. بولمىسا پالاكەت باسىدىكەن.
— شەلى مەلىكىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇسىلەر؟ ئاڭلىمىغان بولساڭلار، مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي:
ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار مۇقەددەم شەلى ئىسىملىك بىر مەلىكە بولغانىكەن. ئۇ شۇنچىلىك نازاكەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىدىن ئايمۇ خىجىل بولىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ خاراكتېرى ھۆسن - جامالى بىلەن قىلچە ماس كەلمەيدىكەن، يەنى ئۇ تولىمۇ زوراۋان ئىكەن. ئۇ شۇنچىلىك يولسىز ئىكەنلىكى، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىكەن. شاھ ئاتىسىدىن ئۆزگە ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ باغى ئېرەمدە سەيلە قىلىۋاتسا، پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا ئەسىر بولۇپ، جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتۇ. بۇنىڭدىن مەلىكىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، مۇھاپىزەتچىنىڭ پۇت - قولىنى باغلاتقۇزۇپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوردا ئىچىدىكى كىشىلەر مەلىكىنى كۆرگەن ھامان خۇددى بۆرە كۆرگەن ئېشەكتەك ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بوپتۇ.
ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، مەلىكە رەسىدە بوپتۇ،

ياتلىق بولىدىغان يېشىغىمۇ يېتىپتۇ. كۆڭلىدىكىدەك بىر يىگىت تاللاش ئۇچۇن ئۆزىنى ئالماقچى بولغان يىگىت بىلەن نەق مەيداندا ماھارەت سىنىشىش شەرتىنى قويۇپتۇ، كىم ئۆزىنى يېڭىۋالسا، شۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن پالۋان-لار، شاھ، بەگزادىلەر كېلىپ مەلىكە بىلەن كۈچ سىنىشىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن مەلىكە ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى بىلەن بەزىلەرنى يېڭىۋاپتۇ. بەزىلەر ئۇنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇش-تىن ئەنسىرەپ، يالغاندىن يېڭىلىپ بېرىپتۇ. ئاقىۋەت، مەلىكى-گە توي تەلەپ قىلغانلار بىر - بىرلەپ كاللىسىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا توي تەلىپى قويۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، مەلىكىنىڭ سېسىق نامى جاھانغا پۇر كېتىپتۇ.

ئانگلولارنىڭ پادىشاھى ئوفا I كىچىكىدىن تارتىپ گاچا ئىكەن، تويغىنىنى قورسىقىنى سىلاپ بىقىپ بىلدىغان، بىر ئۇخلىسا ئويغانمايدىغان بالا ئىكەن. ئۇ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە شاھ ئاتىسى گامىن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ساكسونىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، لەشكەر تار-تىپ كەپتۇ، ئەلنى قالايمىقانچىلىق قاپلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە گاچا تۇيۇقسىز زۇۋانغا كىرىپ ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن ئاتلىنىپ-تۇ. بۇ گاچا ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن بولۇپ تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇ جەڭگاھتا شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئۇ-رۇش قىپتۇكى، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كەل-تۈرۈپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ياۋنىڭ پادىشاھى ۋە سەركەردە - سەرۋاز-لىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئابرۇي ۋە مەرتىۋىگە نائىل بولۇپ، پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ بەك دانىشمەن بولغاچقا، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە مېھرى - شەپقىتى بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ.

ئوفا شەلى مەلىكىنىڭ توي شەرتىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىگە مەلىكىنى بويسۇندۇرۇش ۋەسۋەسىسى چۈشۈپتۇ ۋە تۈرلۈك ئا-ماللار بىلەن بويسۇندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مىجەزى ئوسال،



شۇم تەبىئەتلىك بۇ مەلىكە تويغا ماقۇل بوپتۇ.

شەلى مەلىكە پادىشاھ ئوفا بىلەن توي قىلغاندىن باشلاپ، باشقىچە ئادەم بوپتۇ، ئەسكى خۇيىنى تاشلاپ، ياخشى خۇلق چىقىرىپتۇ. ئوفانىڭ سۆيىدە ئىبقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، ئۇنىڭ قابىل ياردەمچىسى بولۇپ قاپتۇ، ئاۋام - پۇقرالارنى قەدىرلەپ، ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەل كۈنسېرى روناق تېپىپ كۈچىيىپتۇ. ئوفامۇ جەڭدە كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە لايىق شان - شەرەپكە ئېرىشىپ، ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق ئېلىگە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. شەلى مەلىكە ئۇنىڭغا پاقلاندەك ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇپ بېرىپتۇ. ئوغۇلغا ئەيمېل دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كىشىلەر ئوفانى ھاقارەتكە چىداپ تۇرالمايدىغان



قەھرىمان دېيىشىپتۇ.

بۇرادەرلەر، مانا بۇ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن باتۇرلۇق بىر- لەشكەندە، ئەقىلنىڭ باتۇرلۇقىا باشلامچى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭ- دىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەر- مەمدۇ؟

پالۋانلار بېئوۋۇفنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشتى. ئەمما، ئۇ دېگەن «ئەقىل ـ پاراسەت»، «باتۇر- لۇق» دېگەندەكلەرگە قىزىقمىدى. ئارىدىن بىر ئەقىللىقرەك پال- ۋان دادىللىق بىلەن سورىدى:

— ئاغا، سىز پادىشاھ ھېيرا بىلەن خانىشنى كۆزدە تۇتۇۋا- تامسىز، قانداق؟

بېئوۋۇف بېشىنى لىڭشىتىپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— شۇنداق، تاغامنىڭ غەيرىتى چەكسىز، ئازراقمۇ سۈيى- قەست دېگەننى ئۇقمايدۇ. تاغام بىلەن ھاممامنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتتە، مېھرىبانلىقتا تەڭدىشى يوق، ئەمما ھاممام تولىمۇ رايىش ۋە ئاق كۆڭۈل تاغامنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولالماي- دۇ. شۇڭا مەن زوسكا پەرەز قىلغان تراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن...

— بولدى، ئۇنچە ئەنسىرەپ كەتمەڭ! ھەممىگە قادىر پەر- ۋەردىگاردىن بېسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ، بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى پەر- ۋەردىگار ئۆزى قىلىدۇ. تۈن تەڭ بوپتۇ، ئارام ئالايلى، — دېدى ئارىدىكى بىر پالۋان بېئوۋۇفقا نەسىھەت قىلىپ.

شەرق تامان ئاقىرىپ، ئوتتەك قىزىل قۇياش كۈچلۈك نۇرى- نى جاھانغا سەپتى. پالۋانلار ئۆز يۇرتىنى يىراقتىن كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئىختىيارسىز قىيقاس ـ چوقان سېلىشىپ كەتتى. ئۇلار كېمە يەلكىنىنى چۈشۈرۈپ، كېمىنى پالاق بىلەن ھەيدەپ

قىرغاقتا لەنگەر تاشلىدى.

ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان بېئوۋۇلف بىرىنچى بو-لۇپ كېمىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ قەدىمى ئۆز ئېلىنىڭ تۇپرىقىغا تېگىشى بىلەن تەڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن مۇنداق ندا كەلدى: «ئاھ ۋەتىنىم، سېنىڭ مەغرۇر ئوغلۇڭ باغرىڭغا قايتىپ كەلدى.»

ئونىنچى قىسسە

# ھېيرانىڭ پالۋانلارنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغانلىقى

دېڭىزغا يېقىنلا جايدا، ھەشەمەتلىك بىر ئوردا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئوردىنىڭ تاملىرى قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، ئوردىنى قارىغايلار ئورىغاندى. كۆرۈنۈشى ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق ئىدى. مانا بۇ گوت پادىشاھى ھېيرانىڭ خان ئوردىسى ئىدى.

بېئوۋۇلف بىلەن ھەمراھلىرىنىڭ دېڭىزدا قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ نۆكەرلەر بۇ خەۋەرنى خان ئوردىسىغا يەتكۈزۈشتى. پادىشاھ ھېيرا بېئوۋۇلفنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ زىيادە شادلاندى. پالۋانلارنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن دەرھال چوڭ ئوردىسىغا زىياپەت راسلاشقا پەرمان چۈشۈردى.

ھېيرا بېشىغا تاج، ئۈچىسىغا شاھانە تون كىيىپ، قولىغا شاھلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان ھاسىنى ئېلىپ تەختتە ھەيۋەت بىلەن ئولتۇردى. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، مۇلايىم خانىش ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. خانىش كۆزلىرىنى قەسىرنىڭ ئۇدۇل ئىشىكىگە تىكىپ، بېئوۋۇلفنىڭ تېزراق يانلىرىغا كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى.

ئاخىر خان ئوردىسىنىڭ پەشتىقىغا ئون نەچچە پالۋان چىقىپ كەلدى. ئەڭ بېشىدىكى پالۋان بېشىغا ئالتۇن دۇبۇلغا، ئۈچىسىغا

تون كىيگەن بولۇپ، بەللىرى ئىپىنقىنىڭكىدەك تومء، قامىتى تو-لىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. بۇ دەل گوت پالۋىنى بېئوۋۇف ئىدى. كەينىدىكى ئون ئۈچ پالۋانمۇ ناھايىتى روھلۇق، جۇشقۇن كۆرۈ-نەتتى. ئۇلار مەردانە قەدەملىرى بىلەن زالغا كىرىپ كەلدى.

بېئوۋۇف پادىشاھ ھېيرا ۋە پاراسەتلىك خانىش ئالدىغا كې-لىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز، قەدىرلىك خانىش، مېھرىبان تاغا، ھاما، ۋىدالاشقىنىمىزغا خېلى كۈنلەر بولدى، ئەزىز تەن-لىرى ئامان - ئېسەن تۇرغاندۇ؟ كەمىنە ئوغۇللىرى خەۋپ - خەتەردىن قورقماي دانىيىگە بېرىپ، يالماۋۇزنى يوقىتىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدىم. ھازىر ئاتايىتەن، شاھ ئائىلىلىرى ۋە خانىشنىڭ ھۇزۇرىغا تىنچ - ئامانلىق سورىغىلى كەلدىم.

— بەللى، بەللى! ھەممىمىز ئامان - ئېسەن تۇردۇق! قېنى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، ئالدىرىماي، كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشايلى، — ھېيرا جىيەنىنى يېنىغا ئول-تۇرغۇزۇپ، زىياپەتنى باشلاشقا پەرمان قىلدى.

بېئوۋۇف دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى يېشىۋېتىپ، ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن شاھ تاغىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. باشقا پالۋانلارمۇ بىر - بىرلەپ ئورۇن ئېلىشتى. يېقىملىق مۇزىكا زال ئىچىدە ياڭراشقا باشلىدى. كۈتكۈچى - مۇلازىملار پالۋانلارغا بەس - بەستە شاراب قۇيۇشقا تۇتۇندى. دىيانەتلىك خانىش بېئو-ۋۇفقا ئۆز قولى بىلەن بىر قەدەھ شاراب تۇتۇپ، چىرايىغا باھار شامىلىدەك كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:

— بالام، يول ئازابى گۆر ئازابى دەيدۇ. ئۆز قولۇم بىلەن سىزگە بىر قەدەھ تۇتاي. ئاندىن تاغىڭىز بىلەن ئالدىرىماي پاراڭ-لىشىۋالارسىلەر.

بېئوۋۇف قەدەھنى ئېلىپ، بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى، ئان-دىن خانىشقا دېدى:

— ھەشقاللا، خانىش ھامما، پېقىرنىڭ قايسى تۆھپىسىگە بۇنچىۋالا كايىپ كېتىلا. بۇنداق قىلسىلا بەك خىجىللىق ئىلكىدە قالىدىكەنمەن

بۇ گەپتىن ياندا ئولتۇرغان پادىشاھ ھېيرا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— سىزدىن ئايرىلىپ كۆزىمىزگە سۈرتكۈدەك بولدۇق. جىيەنىم، بۇنداق تۈزۈتلۈك گەپ قىلىشنى قاچانلاردا ئۆگىنىۋال-غاندۇ؟ ھاممىڭىز يات ئادەم ئەمەس، بۇنچىلىك تۈزۈت قىلىپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى، پېقىر بىلەن بىر قەدەھ ئىچىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بېئوۋۇفنىڭ يۈزىگە دەرھال قىزىللىق يۈگۈردى، شۇ ھامان پادىشاھ ھېيراغا ۋە ئۆزىگە تولدۇرۇپ شاراب قۇيدۇردى. ئاندىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئېيتتى:

— شاھىئالەمنىڭ شۆھرىتى جاھانغا تارالغاي، ئۆمرى ئۇ-زۇن بولغاي!

ئىككىيلەن بىر قەدەھ ئىچىشكەندىن كېيىن، ھېيرا سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— قەدىرلىك بېئوۋۇف، يولدا ھارمىغانسىز؟ سىز يوق كۈنلەردە ھاممىڭىز ئىككىمىز ئولتۇرساق، قوپساق، سىزدىن ئەنسىرىدۇق. ھالا بۈگۈن تىنچ - ئامان زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدىڭىز. قېنى، بىزگە يولدا تارتقان جەبرى - جاپالىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ!

شۇنىڭ بىلەن، بېئوۋۇف دانىيە خان ئوردىسىغا قانداق بار-غانلىقى، پادىشاھ روسكانىڭ قانداق كۈتۈۋالغانلىقى؛ يالماۋۇز بىلەن بىرىنچى قېتىم جەڭگە چۈشكەندە قانداق قىلغانلىقى ھەققى-دىكى تەپسىلاتلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى. بولۇپمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا يالماۋۇزنىڭ ئۆڭكۈرىدە يالماۋۇزنىڭ ئانىسى بىلەن قىل-غان قانلىق جەڭنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە تەپسىلىي سۆزلەپ



بەردى. پادىشاھ بىلەن خانىش بېئوۋۇفنىڭ جەڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋېتىپ گاھ چۆچۈسە، گاھ بېئوۋۇفتىن پەخىرلىنەتتى. تا-كى ئۇ «يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، يالماۋۇزنىڭ ئىت بېشىنى قىر-غاققا ئېلىپ چىقتىم» دېگەن يەرگە كەلگەندىلا ئاندىن «ئۇھ» دەپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

بېئوۋۇف ئاخىرىدا روسكا ۋە خانىشنىڭ ئۆزىگە قانداق ھۆر-مەت - ئىكرام بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۆزىگە ئىككى قېتىم ئېسىل ئىنئاملارنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى. ئەمما، پادىشاھ روسكا-نىڭ پەرىزى توغرىسىدا لام - جىم دېمىدى. ھېيرا جىيەنىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، چەكسىز شادلاندى ۋە قاقاق-لاپ كۈلگىنىچە مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— قالتىس ئىش قىپسىز بالام! سىز گوتلارنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىز ۋە ئەقىل - پاراستىڭىز گوت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى. تۆھپىڭىز دانىيە بىلەن گوت ئېلى ئىچىدە مەڭگۈ تىللاردا داستان بولىدۇ. بالام، سىز ئۈمىدىمنى يەردە قويمىدىڭىز، مەن سىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن!

پادىشاھ گېپىنى تۈگىتىپ، بېئوۋۇف بىلەن يەنە بىر قەدەھ سوقۇشتۇردى. پۈتكۈل زالنى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىر ئالدى. كۆپچىلىك بېئوۋۇفنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلى-كىنى بەس - بەستە تەبرىكلەشتى.

ھاپىزلار چەكسىز شادلىق ئىلكىدە پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، سازغا تەڭكەش قىلىپ، تەسىرلىك ناخشىلىرىنى باشلى-ۋەتتى.

گوتلارنىڭ شۆھرىتى ھەريان تارالغان،
خۇشبۇي مەي لىق تولغان كۈمۈش قەدەھكە.
پالۋاننى مەدھىيىلەپ سازىم چالىمەن،
پالۋاننىڭ شۆھرىتى يەتسۇن پەلەككە.

ئېھ، بېئوۋۇف!
تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت مۇجەسسەم سەندە،
كۆكرىكىڭ ئەسلىتەر ئېيىق كۆكسىنى.
قەلبىڭدىن ئۇرغۇيدۇ ساداقەت مېھرى،
كۆزۈڭدە پارلىتىپ ئەقىل نۇرىنى.

تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت مۇجەسسەم سەندە،
شەمشىرىڭ سانجىلغاي يالماۋۇز كۆكسىگە.
ھېيرانىڭ ئۇمىدىن ئاقلىدىڭ ھەيۋەت،
ئىپتىخار پارلايدۇ گوتلار چېھرىدە.

ئېھ، بېئوۋۇف!
دانىيە زۇلمەتتى سەن بىلەن تامام،
يالماۋۇز ئالدىڭدا قىلدى جان تەسلىم.
تىنچلىق ئۇرۇقى چاچتىڭ زېمىنغا،
غەلىبە تۇغىنى جەۋلان قىل دائىم.

ئېھ، بېئوۋۇف!
مىللىتىمنىڭ قەھرىمانىسەن!
سەن ئۈچۈن مەڭگۈگە ناخشا توقۇيمەن،
ياڭرا ناخشام...

ناخشا ئاۋازى پەسىيىشى بىلەن تەڭ، زال ئىچى يەنە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. كىشىلەرنىڭ چېھرىدە ئېيتقۇسىز بىر بەخت، ئىپتىخار ۋە شادلىق جىلۋە قىلدى.

شۇ ئەسنادا، پادىشاھ ھېيرا دانىيە پادىشاھى روسكانىڭ دەردۇ ـ ھالىنى سورىدى.

بېئوۋۇف بىر پەسكە جىم تۇرۇپ كېتىپ، تاغىسىغا پىچىر-



لاپ ئېيتتى:
— روسكا ئۆزى بىر دانا شاھ ئىكەن. ئۇ دانىيىگە ئەللىك يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ھەقىقەتەن ئېلى پاراۋان، خەلقى خاتىرجەم ئىكەن. ئەمما، ئون ئىككى يىلدىن بۇيان يالما-ۋۇزنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قەددى خېلى پۈكۈلۈپتۇ. ئاڭلى-سام، ئۇ ئەلدە تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن گۈزەل رۇخسارلىق مەلىكىسى فورىۋانى ژان قەبىلىسى پادىشاھى فرودىنىڭ شاھزادىسى يىنھېدقا بېرىپتۇ. ئىلگىرى ژان قەبىلىسى بىلەن ئاداۋىتى بار ئىكەن. روسكا مەلىكىسىنى ئۇلارغا بېرىپ ئارىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇپ، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچىكەن.
— شۇنداقمۇ؟— ھېيرا بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، — روسكا بەك ئەخمەق ئىكەن. ئۇ نېمىدەپ بۇنداق ئەخ-مىقانە ئىشنى قىلغاندۇ؟
بېئوۋۇف قەدەھنى كۆتۈرۈپ، شارابتىن بىر يۇتۇم ئىچىۋې-تىپ گېپىنى يەنە داۋام قىلدى:
— شۇنداق، بۇنداق قىلغاندا ئاداۋەتنى يۇيۇۋەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ چوڭ ئاپەت تېرىلىدۇ. ئۇ تىنچلىق مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماي، تۇغقانلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قىرىلىپ تۈگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھمۇ گۇمران بوپ-تۇ. مەلىكىسىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىساس خەنجىرى بىر دەقىقىمۇ تىنچىماپتۇ.
قەدىرلىك شاھ تاغا، سىزمۇ بىلىسىز، دانىيە بىلەن ژان قەبىلىسىنىڭ ئاداۋىتى بەك چوڭقۇر، ئەگەر شاھزادە يىنھېد مە-لىكىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرسە، مەلىكىنىڭ دېدەكلىرى جەزمەن ئىنئامغا نائىل بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ژان قەبىلىسىنىڭ شاھ-زادىسى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نۆكەرلىرى ئۆزلىرىنى ھاقا-رەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىشى مۇمكىن. دانىيىلىكلەرنىڭ بېلىدىكى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان قەدىمكى شەمشەر ئەسلى-

ده ژان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد مىراس قالغان تەۋەررۈكى ئىكەن. ئەنە شۇ ئىش بۇ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئاداۋەتكە پىلتە بولۇپ، ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ.

بىر زىياپەتتە بىر ياشانغان سەركەردە زادىلا ئۆزىنى بېسىۋالالماپتۇ. ئۇ قەدىمكى شەمشەرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ قەلبىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان ئاداۋەت ئوتى تېخىمۇ يالقۇنجاپتۇ. ئۇ بىر ياش سەركەردىنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتىنى ياندۇرۇش مەقسىتىدە زەھەرخەندىلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «بۇرادەر، ئاۋۇ شەمشەرنى تونۇيالىدىڭمۇ؟ ئۇ داداڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دوبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ جەڭگە چىققاندا ئىشلەتكەن شەمشەر. دانىيىلىكلەر داداڭنى ئۆلتۈرۈپ، شۇ قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلغان. شۇ تاپتا، ئاۋۇ بىر توپ قاتىللارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئوغلى زالدا تېرىسىگە پاتماي كۆرەڭلەپ مېڭىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلىدىكى شەمشەر ئەسلىدە ساڭا تەئەللۇق بولسا توغرا بولاتتى».

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئاداۋەت ئۇرۇقى ئاستا - ئاستا ژان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قەلبىدە بىخ ئۇرۇپ يىلتىز تارتىپتۇ. ئاخىر ئۆچ - ئاداۋەت چەككە يېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ دېدەكلىرى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خۇنى ئۈچۈن باشلىرى كېسىلىپ، جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. ئەمما، قاتىل قەسىردىن قېچىپ چىقىپ يوشۇرۇنىۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆچمەنلىك پىلتىسى پارتلاپ، ئىككى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەھدە بۇزۇلۇپتۇ. يىنھەمدىنىڭ كۆڭلىدىكى قىساس ئوتى بىردەم بولسىمۇ تىنچىماپتۇ. كونا - يېڭى ئۆچ - ئاداۋەت دەستىدە يېڭى ئەمرىگە ئالغان ئايالى ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تولىمۇ قىيىن ھۆرمەتلىك شاھ تاغا، ژان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ سەممىمىي نىيىتىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئەمما، دانىيىلىكلەرنىڭ قەلبىدىكى تىنچلىققا بولغان ئوتتەك ئىستەك ھېلىغىچە توختاپ

قالماپتۇ.

ھېيرا بېئوۋۇفنىڭ تەھلىللىرىنى ئاڭلاپ، قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— بېئوۋۇف، بەك ئەقىللىك بولۇپ كېتىپسىز. ئەقلىڭىزگە بارىكاللا!

ئىككىسىنىڭ كېپىنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى كۆرگەن مېھرى-شەپقەتلىك، دىيانەتلىك خانىشنىڭمۇ گەپ قىستۇرغۇسى كەلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھ بىلەن بېئوۋۇفقا بىر قەدەھتىن شاراب سۇندى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— قالتىس خۇشاللىقتا يەپ-ئىچىشىنىمۇ ئۇنتۇپسىلەر. قېنى، قېنى، ئاۋۋال بۇ قەدەھنى كۆتۈرۈۋېتىپ پاراڭلاشساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر.

خانىش يېنىدىكى مۇلازىمغا كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدى، مۇلازىم بېشىنى لىڭشىتىپ، زال تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

ھايال ئۆتمەي، ئارقا زالنىڭ يان ئىشىكىدىن گۈللەرگە پۈركەنگەن بىر توپ قىز چىقتى، ئۇلارنىڭ رۇخسارى كىشىگە پەرىشتىلەرنى ئەسلەتتى. ئۇلار يېقىملىق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئاندىن كېپىنەكتەك يەڭگىللىك بىلەن پادىشاھ ھېيرا ۋە بېئوۋۇفنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارغا مۇشكى-ئەنبەر چېچىشتى. ئۇلار گاھ ئاق تۇرنىدەك قاتار تىزىلسا، گاھ قاشتېشىدەك سۈزۈك يەلكىلىرىنى، تال چىۋىقتەك ئىنچىكە بەللىرىنى ھەريان تاشلاپ زوق-شوخ بىلەن ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ئوقيانى ئەسلىتىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى بېئوۋۇفتىن نېرى بولمايتتى. ھېلى بېئوۋۇفنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل خۇلقلارنى چىقارسا، ھېلى جانان چىنىدەك ئاۋازى بىلەن قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. نامى جاھانغا تارالغان بۇ تەڭداشسىز پالۋاننىڭ ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى خىجىللىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، يۈزلىرى

شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەندى...
بۇنىڭدىن خانىشنىڭ چىھرىگە خۇشاللىق ياماشتى. چۈنكى ئۇ ئاخىر بۇ ئىككىسىنىڭ تۇگىمەس پارىڭىغا بەرھەم بەرگەندى. ئۇ بېئوۋۇفنىڭ چىرايىنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شادلىق ئىچىدە ئېيتتى:
— نېمە بولدى، جېيەنىم؟ شاراب جىق كەتتىمۇ يا؟ ھامىمىڭىزنىڭ شەرىپىڭىز ئۈچۈن ئۇنلاشتۇرغان ئويۇنلىرى كۆڭلىڭىزگە ياقتىمۇ؟
بېئوۋۇف چىرايىدىكى خىجىللىق ئالامەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن سىلىڭالدى ۋە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:
— قالتىسكەن، بەك قالتىسكەن! — ئۇ شۇ ھامان گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، — ياق، ياق، مېنىڭ دېگىنىم ئۇ ئەمەس...
ياندا ئولتۇرغان ھېيرا بۇنىڭدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى:
— قاراڭلار، يالماۋۇزنىڭ ئالدىدىمۇ بۇنچىلىك تەمتىرىمىگەن بۇ قەھرىمان، ئەمدى بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالدىغۇ؟ ھا... ھا... ھا...
زىياپەت قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، كىشىلەر چەكسىز شادلاندى، پادىشاھ ھېيرا ۋە بېئوۋۇفقا بەس - بەستە شاراب سۇندى، بەخت تىلىدى.
بېئوۋۇف ئورنىدىن تۇرۇپ، زالنى لەرزىگە سالغۇدەك ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئېيتتى:
— كۆپچىلىكنىڭ تىلىكىگە ھەشقاللا، مېنىڭ بۇ قېتىم دانىيىدە قولغا كەلتۈرگەن شان - شەرىپىم بۈيۈك شاھىمىزنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا مەن شان - شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق شارابى بىلەن تولغان بۇ قەدەھنى شاھىمغا تۇتىمەن. شاھ ئائىلىلىرى، كۈچ - قۇۋۋەتلىرى زىيادە بولغاي، مۇبارەك تەنلىرى سالامەت بولغاي، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا!
ئالقىش سادالىرى پەلەككە ياڭراپ، ئالتۇن قەدەھلەر ئېگىز



كۆتۈرۈلدى. ھەممەيلەن پادىشاھ ھېيرانىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشتى.

— مەن يەنە ئاق كۆڭۈل، باتۇر، ئادالەتپەرۋەر يۇرتداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن. سىلەر مېنى قوللىدىڭلار، يالماۋۇزنى يوقىتىش ئۈچۈن ماڭا ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇق، كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدىڭلار. بۇ غەلىبە شارابىنى ھەممىمىز تەڭ كۆتۈرەيلى. مىللىتىمىز مەڭگۈ گۈللەپ - ياشنىسۇن!

ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن يەنە بىر قەدەھ سوقۇشتۇردى. ئاخىردا ئۇ ھېيراغا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن دېدى:

— ھۆرمەتلىك شاھ تاغا، گوتلارنىڭ بۈيۈك پاسىبانى، ئەمدى مېنىڭ دانىيە پادىشاھى روسكا ۋە خانىش ۋېسئولنىڭ ئىنئامىنى ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا. مېنىڭ جىمى بەخت - ئىقبالىم ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىغا باغلانغان، ئۆزلىرىدىن ئۆزگە مېنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنىم، باشپاناھىم يوق. جىيەنلىرىنىڭ ئەرزىمەس كۆڭلىنى قايتۇرمىغايلا، تۇزۇت قىلمىغايلا!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھېلىقى مەرۋايىتنى ئېلىپ كىرگۈزدى. زال ئىچى دەماللىققا يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە سۈكۈتكە پاتتى، سانسىزلىغان كۆزلەر ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ سوۋغا - سالاملارغا تىكىلدى؛ كىشىلەرنىڭ ئاغزى كاككۈكتەك ئېچىلدى:

ياۋا چوشقىنىڭ بېشى كەشتىلەنگەن بىر جەڭ تۇغى؛ پولاتتەك پۇختا بىر دۇبۇلغا؛ سىپتا ياسالغان ئالتۇن ھالقىلىق بىر ساۋۇت؛ مەرۋايىت كۆز قويۇلغان، كىشىگە قۇدرەت ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغان بىر تال قەدىمكى شەمشەر.

— بۇ تۆت ئەڭگۈشتەر دانىيىلىكلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان تەۋەررۈكى ئىكەن. ئىلگىرى «لەشكەر نەيزىسى» خېيروگ



ئۇزۇن يىل ئىشلەتكەن. ئەمما، تەڭرى بۇ تەۋەررۇكى ئىكەن. خېيروگ جەمەتىگە نېسىپ قىلمىغان. شاھىم، بۇ ئەڭگۈشتەر سىلىدە تۇرسا ھەقىقىي قىممىتىنى تاپىدۇ، — بېئوۋۇف بۇ سوۋغىلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، يەنە ھېلىقى تۆت ئېسىل ئارغىماقنى ئەكەلدۈردى.

بۇ تۆت ئارغىماق شۇنچىلىك ئېسىل ئىدىكى، قىزغۇچ تۈكلىرى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇراتتى، يايلىسى گەۋدىسىگە چۈشكەن بولۇپ، چاپچىپ زادىلا جىم تۇرمايتتى؛ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇرۇن چاناقلىرى ھېلى كېڭىيىپ، ھېلى تارىيىپ پۇشقۇرۇپ، كىشنەپ توختىمايتتى.

ئارغىماقلارنى كۆرۈپ، ھېيرانىڭ كۆڭلىنى چەكسىز خۇشاللىق قاپلىدى ۋە يېنىشلاپ ئاپىرىن ئوقۇدى:

— ھەقىقەتەن ئېسىل ئاتلار ئىكەن! مەن ئۆمرۈمدە تالاي جەڭلەرنى كۆردۈم، ئەمما بۇنداق ئېسىل ئارغىماقلارنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ ئاتقا بولغان ئوتتەك ھېرىسمەنلىكىنى باسالماي، مىنىپ سىناپ باققۇسى كەلدى. ئەمما، خانىش بۇنىڭغا يول قويمىدى.

ھېيرانىڭ چېھرىدىكى ئېيتقۇسىز خۇشاللىقنى كۆرگەن بېئوۋۇف يەنە سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— بۇ ئاتلار ئەسلىدە دانىيە پادىشاھى روسكانىڭ دۇلدۇللىرى ئىدى. روسكا بۇ ئاتلار بىلەن تالاي قانلىق جەڭلەردە دۈشمىنىنىڭ قېنىنى ئىچىپ، يۇرتىنى مۇجۇپ، غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ئارغىماقلارنى روسكا جېنىدىنمۇ چارە كۆرەتتى. ھالا بۇگۈن روسكانىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ، كۈچ - قۇۋۋەتتىن قالدى، ئاتقا مىنگۇدەك ھالى قالمىدى. شۇڭا ئۇنى پېقىرغا سوۋغا قىلدى. ئات، تۇغ - ئەلەم، دۇبۇلغا - ساۋۇت، قەدىمىي شەمشەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر يۇرۇش نەرسىلەردۇر، ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. شاھىم

ئوبدان ساقلىغايلا.

ھېيرا مال - دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان ئېسىل نەسەبتىن كېلىپ چىققان، ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىراتلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئەمما، دۇبۇلغا - ساۋۇت، قەدىمىي شەمشەر ۋە ئارغىماقلارنى جېنىدىنمۇ ئەزىزلىدى. پادشاھ بۇ ئېسىل نەرسىلەرنى مەقبۇل كۆرمىسەم قانداق بولىدۇ دەپ ئويلىدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جېيەنىمنىڭ قولىنى ياندۇرسام بولماس، تۇزۇت قىلمىدىم ئەمىسە، — دېدى ۋە سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلدى.

شۇ ئارىدا بېئوۋۇلف ئۈنچە - مەرۋايىت ئۆتكۈزۈلگەن مارجاننى قولىغا ئالدى. مارجاننىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرى زال ئىچىنى ئاپئاق يورۇتىۋەتتى. ئۇ بۇ بىباھا سوۋغاتنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ، خانىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى:

— دىيانەتلىك خانىش، ھۆرمەتلىك خانىش ھامما، ماڭا بەخش ئەتكەن مېھرى - مۇھەببەتلىرىنى پېقىر ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. بۇ تەڭداشسىز مارجان دانىيىنىڭ دۆلەت ئەڭگۈشتىرى، گۈزەل خانىش ۋېسئول ئۇنى ماڭا ھەدىيە قىلغان. بۇ ئېسىل گۆھەرگە پەقەت سىلىلا مۇناسىپ كېلىلا. شۇڭا بۇنى سىلىگە تۇتىمەن، ئەقىل - پاراسەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىرى خۇددى مۇشۇ مارجانغا ئوخشاش مەڭگۈ جۇلالىسۇن! خانىش ھامما، جېيەنلىرىنىڭ ئەرزىمەس كۆڭلىنى قايتۇرمىغايلا.

خانىش مەمنۇنلۇق ئىلكىدە مارجاننى ئېلىپ، بويىنىغا ئېسىۋىدى، تېخىمۇ لاتاپەتلىك بولۇپ، گۈزەللىكى ھەسسىلەپ ئاشتى.

شۇئان ئالقىش سادالىرى زال ئىچىنى بىر ئالدى. كىشىلەر بېئوۋۇلفنىڭ مال - دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان سېخىيلىقى، مەردۇ مەردانىلىقىغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇشتى. پادشاھ ھېيرانىڭ قەيسەر، مەردۇ مەردانىلىقىدىن، خانىشنىڭ گۈزەل



لاتاپتىدىن چەكسىز بەخت ھېس قىلىشتى ۋە ئۇلارغا ئەڭ ئالىي تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ چاغدا پادىشاھ ھېيرا خېلى تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ جىيەنىنىڭ ھاتەم كەبى سېخىيلىقىدىن چەكسىز تەسىرلەندى. ئۇ شانۇ شەۋكىتى كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بېئوۋۇفنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلىماقچى بولدى. ئۇ رەھمەتلىك شاھ ئاتىسى لېيزىردىن قالغان تەۋەررۈكى، گوتلارنىڭ ئاتا مىراس ئەڭگۈشتىرى — ئالتۇندىن كۆز قويۇلغان قەدىمىي شەمشەرنى بېئوۋۇفنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— بېئوۋۇف، گوتلارنىڭ پالۋانى! بۇ ئاتا مىراس شەمشەرنى قوبۇل قىلىڭ، ئۇنى ئۆزىڭىزگە مەڭگۈ ھەمراھ قىلىڭ. ئۇ سىزنى قوغدايدۇ، سىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. مەن سىزگە يەتتە مىڭ يۇقرا، شېرىن مەي سارىيى ۋە تەختىمنى بەخشەندە قىلىمەن...

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كىچىككىدە تازا ئېتىبارغا ئېلىنماي قالغان بۇ شاھزادە گوتلارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئابرۇي ۋە ئىناۋەت تىكلىدى. ئۇ ئەقىل پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن پارلاق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، كېيىن گوت پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن مۇستەھكەم يول سالدى.

## ئون بىرىنچى قىسسە

# پالۋاننىڭ مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقى

ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. دانىيە پادىشاھى روسكا راستتىنلا قىزىنى بېرىپ ئاداۋەتنى يۇيۇش پىلانى بويىچە مەلىكىسى فورىۋانى ژان قەبىلىسى پادىشاھى فرودنىڭ شاھزادىسى يىنھىدقا نىكاھلاپ بەردى. كۈتمىگەن يەردىن، يىنھىد دادىسىنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيىپ - ساپاغا بېرىلدى، مال - دۇنيانى سۇدەك خەجلەپ بۇزۇپ چاچتى، ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىپ، دادىسىنىڭ رەقىبى — ساكسۇن پادىشاھى سىۋتىدنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئەسىر بولۇپ كەتتى. ئۇلار يەنە سىڭلىسىنىمۇ يىنھىدقا نىكاھلاپ بەردى.

بىر كۈنى، فىرودنىڭ ئەڭ سادىق ۋەزىرى سكاترو يىنھىدنىڭ سىۋتىننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن يەپ - ئىچىپ ئويناۋاتقانلىقىنى، ئاتا قىساسىنى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى - دە، زىياپەت سورۇنىغا بۆسۈپ كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا يىنھىدنىڭ ئەيش - ئىشرەت بىلەن كەيىپ - ساپادىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئاتا قىساسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى ئەيىبلىدى. بۇنى ئاڭلىغان يىنھىد پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالمايلا قالدى، قەلبىدە

قىساس ئوتى لاۋۇلداپ ياندى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، شەمشىرىنى رەقىبلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويىدى، زىياپەت سورۇنى ھەش - پەش دېگۈچە قۇشخانىغا ئايلاندى.

يىنھېدىنىڭ قەلبىدىكى قىساس ئوتى شۇنچىلىك ئۇلغايدىكى، ئاخىر دانىيىلىكلەر بىلەن ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ كېتىشتى. ئۇ لەشكەر تارتىپ دانىيە خان ئوردىسىغا تېگىش قىلىپ، مارال ئوردىسىغا ئوت قويۇۋەتتى. ئەمما، روسكا ۋە ئۇنىڭ جىيەنى روسوفنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ژان قەبىلىسى پادىشاھلىقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىشلار بىئوۋۇفنىڭ نەچچە يىل ئىلگىرىكى ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دانا پادىشاھ روسكا بىر قەدەمنى خاتا بېسىپ، قىزىنىڭ پۇتكۇل بەخت - سائادىتىنى دەپنە قىلىۋېتىپلا قالماي، دانىيىنى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇش پاتقىقىغا سۆرەپ كىردى.

گوت ئېلىدە بىر مەھەل تىنچ - ئاساپىشلىق ھۆكۈم سۈردى. ھېيرا يەنە ئۆز ئەللىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شان - شۆھرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەل روناق تېپىپ، خەلق پاراۋان، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتى. جەڭگە - جېدەللەرنىڭ ئايىغى بېسىقتى. بۇ شۆھرىتىدىن مەغرۇرلىنىپ، قول - ئىلكىدىكىگە رازى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ لەشكەرلىرىنى خىللاپ، كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن دانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى فۇرسلارغا تېگىش قىلىشقا تەييارلاندى.

دىيانەتلىك خانىش ئۇنىڭغا ئوبدان ئويلىنىپ ئىش كۆرۈش، ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا تەكرار - تەكرار نەسىھەت قىلدى. كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى قايناپ - تاشقان ھېيرا بۇنى ئاڭلاپ، خانىشنى پۇخادىن چىققۇچە ئەدەپلىدى.

جەڭگە چىقىش ئالدىدا خانىش كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ھېيرانىڭ سالامەت بولۇشى، بالدۇرراق قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ھېلىقى بىباھا مارجاننى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىپ

قويدى.
ھېيرانىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش كېمىلىرى يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ، دېڭىز سەپىرىنى باشلىۋەتتى. شاھ تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان بېئوۋۇلف روسكانىڭ ئەينى يىلدىكى پەرىزىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بىر خىل بىزارلىق ۋە بەختسىزلىك تۇيغۇسى ئۇنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالدى.
نىھايەت، فۈرسلارنىڭ زېمىنىدا بىر مەيدان قانلىق جەڭ باشلاندى. گوت پالۋانلىرى ھېيرا ۋە بېئوۋۇلفنىڭ قوماندانلىقىدا دۈشمەنلەرنىڭ بارگاھىغا تېگىش قىلدى. ئۇرۇش شۇنچىلىك قاتتىق بولدىكى، تۇغ ئەلەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇياشنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىلىچ ـ شەمشەر، نەيزە ـ قالقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى قۇلاق مېڭىنى يەپ كېتەتتى. ھېيرا ئۆزىنىڭ قىران ۋاقتىدىكى باتۇرلۇقىنى يوقاتمىغان بولۇپ، قولىدىكى قەدىمىي شەمشەر بىلەن ئالدىغا ئۇچرىغاننى، كۆزىگە كۆرۈنگەننى قىر ـ چاپ قىلاتتى. دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن خۇنخورلۇق ئوتلىرى چاقنىدى. فۈرسلارنىڭ بىر بۆلۈك لەشكىرى قىرىلىپ تۈگەپ، بىر بۆلۈك لەشكىرى مۇھاسىرىگە ئېلىندى، قىر ـ چاپ كەچكىچە داۋاملىشىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. بېئوۋۇلف تاغىسىنى قوغدىغاچ، دۈشمەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. قانلىق ئۇرۇش ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە داۋاملاشتى. ئۇرۇشتا دۈشمەن تەرەپتىن مىڭ لەشكەر، ھېيرا تەرەپتىن سەكسەن يۈز لەشكەرنىڭ چىقىم بولغانلىقى ئىدىتلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلەر ئۆزۈن مەنزىللەرنى بېسىپ، دېڭىزدا چايقىلىپ ھالى قالمىغاچقا، ھېيرانىڭ لەشكەرلىرى بارغانسېرى دۈشمەن بىلەن كۈچ ئېلىشالماي قالدى. ئەمما، فۈرسلار خۇددى كەلكۈندەك تۈشمۇتۈشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، جەڭگىۋارلىقى بارغانسېرى ئاشتى. ئەڭ ئاخىردا گوت لەشكەرلىرى تامام قىرىلىپ،



پادىشاھ ھېيرامۇ دۈشمەنلەرنىڭ سانغۇنى دىلۋېن تەرىپىدىن جان تەسلىم قىلدى. ئۇنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتى، مارجىنى ۋە قەدىمىي شەمشىرى ياۋنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بېئوۋۇف ئۆزىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتى ۋە تەڭداشسىز باتۇرلۇقى بىلەن دىلۋېننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، شەمشىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئەمما، ياۋنىڭ نەچچە مىڭ لەك لەشكىرى تاپ بېسىپ قوغلاپ كەلدى. بېئوۋۇف دۇبۇلغا ـ ساۋۇتى بىلەنلا دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتتى.

سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىغان شىددەتلىك دولقۇنلۇق دېڭىزدا بېئوۋۇف پۈتۈن غەيرىتى بىلەن ئالغا قاراپ ئۈزمەكتە ئىدى. ئۇ بىردە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقسا، بىردە شىددەتلىك دولقۇن ئىچىدە غايىب بولاتتى، ھەم تۇزلۇق، ھەم قىرتاق دېڭىز سۈيىنىڭ دەستىدە ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى. ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى. پەقەت كۆڭلىدە: «ۋەتىنىمگە قايتىپ كېتىمەن» دەپ خىتاب قىلدى.

ئۇ ئۈزە ـ ئۈزە، دېڭىزدا توپتوغرا بەش كېچە ـ كۈندۈز ئۈزۈپ، ئاخىر ۋەتىنىنىڭ دېڭىز ساھىلىغا مىڭ جاپادا ئۇلاشتى. ئۇ ۋەتىنىنىڭ قۇمىنى قوش قوللاپ چىڭگىدە سىقتى، كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلدى. ئاھ ۋەتىنىم، مەن قوينۇڭغا مەغلۇبىيەت بىلەن قايتىپ كەلدىم. ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. مېھرى ـ شەپقەتلىك خانىش ھاما، سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. پاسىبانىم ھېيرانى ياخشى مۇھاپىزەت قىلالماي، ئۇنىڭ جەسىتىنى يات ئەلگە تاشلاپ كەلدىم. نەچچە مىڭ لەك گوت لەشكەرلىرىنىڭ جەسىتىنى فۇرسلارنىڭ زېمىنىغا تاشلاپ كەلدىم.

ئۇ چەكسىز ئازاب ئىلكىدە تەڭرىگە ئېچىنىشلىق نىدا قىلىپ، ئۆزىدىن سەسكىنىپ تۇرغاندا، گوتلارنىڭ دېڭىز باقارلى-

ری ئۇنى بايقاپ قالدى. ئۇلار دەرھال بېئوۋۇفنى يۆلەشتۇرۇپ ئوردىغا ئاپاردى.

خانىش ئۇنىڭدىن بۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بېئوۋۇف بۇ قېتىملىق جەڭدە ئۆزلىرى ئۇچرىغان ئېغىر تالاپەتنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە بىرنى قويماي بايان قىلدى، ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىدىن ھەسرەتلەندى...

خانىش تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دېدى:

— بېئوۋۇف، قەدىرلىك بالام! ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئەيىبلىمەڭ، تاغىڭىزنىڭ ۋاپاتى سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس. ئۇ شانۇ شەۋكىتىدىن زىيادە مەغرۇرلىنىپ، ئۇرۇش قوزغاپ، بۇ ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. بۇنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، سىز، بىز بۇنىڭغا ئامالسىزمىز.

خانىش گېپىنى تۈگىتىپ، ھېيرانىڭ تاجى ۋە ھاسىسىنى ئېلىپ، بېئوۋۇفقا مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:

— ھېيرا ئالەمدىن ئۆتتى، شاھزادە ھىردى تېخى گۆدەك. پادىشاھى يوق دۆلەت بېشى يوق يىلانغا ئوخشاپ قالىدۇ. قېنى، مۇنۇ شاھلىق ھاسىسى بىلەن پادىشاھلىق تاجىنى قوبۇل قىلىڭ، سىزنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىڭىز ۋە شان ـ شۆھرىتىڭىز شاھ بولۇشقا تامامەن لايىق.

خانىش ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قانچىلىك نەسىھەت قىلسىمۇ، بېئوۋۇف ئەسلا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىھەممۇ شاھ تاغىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىزتىراپ چېكىپ قوقاستەك پۇچىلىنىۋاتاتتى. ئۇ شاھ تاغامنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپ شاھلىق تەختىگە چىقىۋالسام بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆسەك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ قەلبىنى شىكەستىلىشىنى خالىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، بېئوۋۇف شاھ بولۇشتىن باش تارتىپ، شاھزادە ھىردىنى شاھ بولۇشقا كۆرسەتتى، ئۆزى بولسا تاكى

ھىردى چوڭ بولۇپ گوتلارنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى بولغۇچە گۆ-
دەك شاھقا مەسلىھەت كۆرسىتىدىغان ۋەزىر بولدى.
ئالاھەزەل، يەتتە - سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى، گوتلارنىڭ شىمالدىكى شىۋېتلاردا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى.
شېۋتسىيە پادىشاھى ئوگېنسو ژان قەبىلىسى پادىشاھى فرودىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىپ ئىلىنى تىنچىتىپ بېرىشىنى ئۆ-
تۈندى ۋە ژان قەبىلىسى پادىشاھىغا ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەھدە قىلدى. ئوگېنسو ئىلى تىنچىغاندىن كېيىن، قىلغان ئەھ-
دىسىنى ئۇنتۇپ، ژان قەبىلىسىگە يۈزسىزلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ژان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئوگېنسونىڭ ئوغلى ئوتىل شاھلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، فرود ئولپان ئۈچۈن شىۋتسىيىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىككىنچى يىلى يازدا، ئوتىل فرودىنىڭ بالتىق دېڭىز قىرغىقىدىكى رايونلارغا يۈرۈش قىلىۋاتقان پەيتىنى غەنىيمەت بىلىپ، لەشكەر تارتىپ بېرىپ رىدران يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىنى تالان - تاراج قىلدى. كۈتمە-
گەن يەردىن، ژان قەبىلىسىنىڭ ياردەمچى لەشكەرلىرى تەرىپى-
دىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالدى. بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ بولۇپ، ئوتىل جەڭدە جېنىدىن ئايرىلدى. ژان قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى دەرەخكە ئېسىپ قاغا - قوزغۇنلارغا يەم قىل-
دى، ئاندىن بىر تال قاغىنى شىۋتسىيىگە ئەۋەتىپ، شىۋتسىيە پادىشاھى ئوتىلنى بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ، دەپ ھاقارەتلىدى.
قارانىيەت ئونىرا پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاكىسى ئو-
تىلنىڭ شاھلىق ئورنىنى تارتىۋېلىپ، شىۋتسىيىنىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى.
ئونىرا ئاكىسى ئوتىلدىن كېيىن قالغان ئىككى شاھزادە ئەيمىن بىلەن ئەيدىنى كۆزىگە سانجىلغان مىخ، تېنىگە سانجىلغان تىكەن بىلىپ، ئۇلارنى شىمالدىكى مۇدھىش سوغۇق ھۆۋلاپ تۇرىدىغان رايونغا سۈرگۈن قىلدى. ئىككى شاھزادە تاغىسىنىڭ



زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ گوتلاردىن پاناھلىق تىلىدى.

گوتلارنىڭ ئاق كۆڭۈل پادىشاھى ھىردى ئۇلارنى ئېلىپ قالدى، ئوردىدا ئۇلارغا بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك مۇئامىلە قىلدى. ئاقىۋەت، بۇ ئىككى شاھزادە بالايىئاپەتكە تۇتۇرۇق بولدى.

ئونىرا ئەيمىن بىلەن ئەيدىنىڭ قېچىپ بېرىپ گوتلاردىن پاناھلىق تىلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى، ئەينى چاغدىلا ئۇلارنى بوشۇكىدىلا ئۇجۇقتۇرۋەتمىگىنىدىن ئۆكۈندى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ رەزىل پىلان تۈزۈپ، قول ئاستىدىكى ۋىخستاننى گوتلارنىڭ خان ئوردىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، شاھزادە ئەيمىننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ شەمشىرى بىلەن ئۇستىگە كىيگەن قۇياقنى ئەكىلىشكە پەرمان قىلدى.

بۇ سۈيىقەست گوت خان ئوردىسىنى پاتپاراق قىلىۋەتتى، پادىشاھ ھىردى خان ئوردىسىنىڭ ئەتراپىغا قاراۋۇل قويۇپ، مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىشكە پەرمان قىلدى ھەمدە يەنە سۈيىقەست يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شاھزادە ئەيدىنى ئوردىغا يوشۇرۇپ قويدى.

شىۋىتسىيە شاھى ئونىرا تۇنجى قەدەمدىكى قارا نىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن قەۋەتلا خۇرسەن بولدى. ئۇ شاھزادە ئەيمىننىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇتى بىلەن شەمشىرىنى ۋىخستانغا ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى ئىنسى - جىنغا تىنماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئونىرا گوتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، گوت شاھى ھىردىدىن شاھزادە ئەيدىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش پىلانىنى تۈزدى.

بىر كۈنى، بىر شىۋىتسىيىلىك ئەلچى گوتلارنىڭ شاھ ئوردىسىغا كەلدى. ئۇ مەغرۇرانە قىياپەتتە شاھزادە ئەيدىنى تاپشۇ-

روۋپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شىۋنتسىيە لەشكەرلىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، ئەگەر شىۋنتسىيە شاھىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرمىسا، گوتلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەلچىنىڭ جاھانغا پاتمايدىغان كۆرەڭ ھالىتىنى كۆرگەن ھېردىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، دەرھال ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى ئەمىر قىلدى. بېئوۋۇلف قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ توسىغان بولسىمۇ، دادىسىنىڭ مىجەزىنى تارتقان بۇ تەنتەك پادىشاھ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى. ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقى چىققان ھېردى زەردە بىلەن:

— ھىم، شىۋنتسىيە ھالىغا باقماي، ئادەمنى ئەجەب بوزەك قىلدى. بۇ قېتىم ئۇلارغا گوتلارنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام ھېساب ئەمەس! — دېدى.

بۇ ئىش ئونىرانىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، خىللانغان لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ھېردىغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويماقچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ لەشكەرلەرگە ئۆزى باش بولۇپ، دەبدەبە - ئەسئەسە بىلەن گوت ئېلىگە باستۇرۇپ كەلدى.

ھېردى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دۈبۈلغا - ساۋۇت بىلەن جابدۇنۇپ، خىللانغان لەشكەرلىرى بىلەن قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئۆچكىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغان جەڭ ئوتى گوت ئېلىدە يەنە قايتىدىن لاۋۇلدىدى.

بىر مەيدان دەھشەتلىك جەڭ قوزغالدى. سانسىزلىغان جەڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزاندا قۇياشنى كۆرگىلى بولماي قالدى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى، ئۇر - چاپ، قىيا - چىيا ئاۋازلار ئالەمنى بىر ئالدى، سانجاق - سانجاق نەيزىلەر قالقانلارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. ھەش - پەش دېگۈچە جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلار دەريا

بولۇپ ئاقتى.

قارا نىيەت ئونىرا ئۆچىسىغا دۈبۆلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ جەڭگە چۈشتى. ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان، كۆزى كۆرگەننى قىر ـ چاپ قىلىپ، نۇرغۇن لەشكەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

ھېردىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىمۇ چەككە يېتىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى قىرغىن قىلدى. بېئوۋۇف تەڭداشسىز باتۇرلۇقى بىلەن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلدى.

لەك مىڭ ـ لەك مىڭ لەشكەرلەرنىڭ بۇ قانلىق جېڭىدىن زېمىن تىترىدى، تاغ ـ دەريالار ئاچچىق نىدا قىلدى...

نىھايەت، ھېردى بىلەن بېئوۋۇف كەسكىن جەڭدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشتى. بىر تاغنىڭ كەينىدە شىۋىتسىيەلىكلەر ھېردىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ھېردىنىڭ ئون بېشى بولسىمۇ، بۇ مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ئاخىر دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا جان تەسلىم قىلدى.

بۇ چاغدا، بېئوۋۇف ئونىرا بىلەن تۇتۇشۇۋاتاتتى. ئۇ ئونىرانىڭ دۈبۆلغا ـ ساۋۇتلىرىنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى. ئونىرا بېئوۋۇفقا تەڭ كېلەلمەي، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا تولىمۇ رەسۋا ھالەتتە بەدەر قاچتى.

جەڭمۇ تامام بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ قانلىق بەدەللەرنى تۆلىدى. بېئوۋۇف قان دەرياسى ئىچىدىن ھېردىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ چىقتى، كۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىك ۋە ئازاب يېشى سەلدەك ئاقتى.

تېخى بايىلا جەڭ تامام بولغان جەڭگاھ تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان، ھەممىلا جاي جەسەتلەر بىلەن لىق تولغانىدى؛ بىر خىل قان ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى؛ سانجاق ـ سانجاق نەيزىلەر جەسەتلەرگە سانجىقلىق پېتى تۇراتتى؛



تېشىلىپ ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن تۇغ ـ ئەلەملەر شامالدا لەپىلدەيتتى؛ قان ھىدىنى ئالغان سانسىز قاغا ـ قۇزغۇنلار ئاسمانىدا ئەگىپ يۇرەتتى...

بېئوۋۇف پادىشاھ ھېردىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە ئوردا تامامەن يۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇرەك قېتىدىن مۇنداق نىدالار كېلەتتى: ئاھ تەڭرىم، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ ئىنسانلاردىكى ئايىغى چىقماس قىرغىنچىلىقلار قاچانمۇ تۈگەر، زادى قاچانمۇ؟...

گوت خان ئوردىسىنى ئازابلىق بىر كەيپىيات قاپلىدى. كىشىلەر جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئازابلىق ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزدى. ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ ئۇدۇل جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆيدۈرىدىغان ئوتۇن قەسىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاغدەك دۆۋىلەندى..

دىيانەتلىك خانىشنىڭ ئازابلىق چىرايى كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆل بولدى. تۈگىمەس بەختسىزلىكلەر ئۇنى خېلىلا قېرىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئېرى ۋە ئوغلىنىڭ ئىچ كۆيۈكى ئىچىدە دەپنە مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئۇ ئاددىي كىيىنىپ، قەسىر ئالدىدىكى پەشتاخقا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ جەسەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئوتۇن دۆۋىسىگە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئازابتىن ياپراقتەك تىترەيتتى. تەنلىرى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. ئەڭ ئاخىردا، ھېردىنىڭ جەسىتى ئېلىپ چىقىلغاندا ئۇ ئازابلىق ھېسسىياتىنى باسالماي، ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتى. بېئوۋۇف ئۇنى يۆلەپ، نەسىھەت قىلىپ ئېيتتى:

— خانىش، سەۋرى قىلىسىلا. تەڭرى ئۇلارنى ئۇدۇل جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بىز مىڭ ياش تۆكسەكمۇ بۇنىڭغا ئامالسىزمىز. قازاغا رىزا بولۇپ، مۇبارەك تەنلىرىنى ئاسرىغايلا. شۇندىلا



ئاندىن گوتلار خاتىرجەم بولىدۇ!
خانىش نەۋقىران ئوغلىنىڭ جەسىتىگە يەنە بىر قارىۋېتىپ، بېئوۋۇلفنىڭ يۈلىشى بىلەن تەختكە كېلىپ ئولتۇردى.
بىر پەرمان بىلەن، تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئوتۇنلارغا ئوت يې-قىلدى، ئوتۇنلار لاۋۇلداپ كۆيۈپ، شېھىت بولغانلارنىڭ جەسە-تىنى يالماپ يۇتۇپ كەتتى.
گۇلخان ئالدىدا تۇرغانلار ئېغىزلىرىنى مىدىرلىتىپ، شې-ھىتلەرنىڭ روھىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى.
......
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خانىش شاھلىق ھاسىسى بىلەن شاھلىق تاجىنى بېئوۋۇلفقا يەنە تاپشۇردى. بۇ قېتىم بېئوۋۇلف رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى.
ئۇ خانىش ھامىسىنىڭ سەمىمىيلىك ۋە ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، شاھلىق ھاسىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ھېردى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، گوت ئېلىنى كۈچلەندۈرۈشكە قەسەمياد قىلدى.
شۇنداق قىلىپ، بۇ تەڭداشسىز پالۋان بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىپ، قولىغا شاھلىق ھاسىسىنى تۇتۇپ، گوتلارنىڭ شاھلىق تەختىگە چىقتى. ئۇ يۈكسەك مېھرىبانلىق بىلەن پەرمان چۈشۈ-رۈپ، دۆلەت خەزىنىسىدىكى بىھېساب ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋا-ھىراتلارنى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن پالۋانلارغا ۋە شېھىت بولغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭ ھاتەم كەبى مەردلىكى، خەلق قەلبىدىكى شانۇ شەۋكىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.
لەۋزى ھالال بېئوۋۇلف شىۋىتسىيە شاھزادىسى ئەيدىگە قى-ساس ئېلىش ئۈچۈن قورال - ياراغ ۋە لەشكەر بېرىپ يولغا سېلىپ، دېڭىزدا ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.
ئۇ شانۇ شەۋكەتلىك ئوردىسىدا تۇرۇپ، شىۋىتسىيىدىن

كەلگەن خۇشخەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلىرى شىۋىتسىيە زېمىنىدا زەپەر قۇچقان، ئالدىنقى قېتىملىق جەڭدە بېئوۋۇف تەرىپىدىن ياردار بولۇپ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن ئونىرانىڭ ئىلگىرىكى باتۇرلۇقى ۋە تاقابىل تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ ئىلگىرى تۆككەن بىھۇدە قانلىرى ئۈچۈن جان تەسلىم قىلدى.



شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇرۇش ئوتى ئۇزۇل - كېسىل ئۆچ-تى. كىشىلەر خاتىرجەم، قوۋناق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلى-دى، ھەممىلا جاي تىنچ - خاتىرجەم ۋە خۇشاللىق تۇسىگە كىردى. بېئوۋۇن شاھلىق تەختىدە ئەللىك يىل ئولتۇردى. ئۇ رەھمەتلىك ئاتاق دادىسى — دانىيە پادىشاھى روسكانىڭ نەسىھەت-لىرىنى قۇلىقىدا چىڭ ساقلاپ، ئەلنى مېھرى - شەپقەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن سورىدى. مەغرۇرلۇق قىلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېلى كۈنسېرى روناق تېپىپ كۈچەيدى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ، پۈتى گۆرگە ساڭگى-لىغان چاغدا، گوتلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدى.

## ئون ئىككىنچى قىسسە

# ياقۇت ئوغرىسىنىڭ يىرگىنچلىك ئەجدىھا ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغانلىقى

نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم، گوتلارنىڭ زېمىنىدا بىر ئاپەت يۈز بەردى، قەبىلىلەر ئارا قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپ، بىر بۈيۈك قەبىلە گۇمران بولدى. پۈتكۈل قەبىلە ئىچىدىن پەقەت بىرلا پالۋان ئامان قالدى. ئۇ سەپداشلىرىنىڭ جەسەتلىرى ئىچىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، بەدىنىدىكى قان ئىزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، چەكسىز ئازاب ئىلكىدە خاراب بولغان قەبىلە خانىنىڭ ئوردىسىغا قايتتى.

كېيىن، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قەسىرىدىن ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر مەخپىي ئۆي بايقالدى. ئۆي قەبىلىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان توپلىغان ئالتۇن - كۈمۈش، لەيلى - ياقۇتلىرى بىلەن تولغانىدى. بۇ پالۋان ئەينى چاغدا مال - دۇنيا باشقۇرىدىغان خەزىنىدار ئىدى. ئۇ مەخپىي ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋىدى، يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ دەستىدىن كۆزىنى ئاچالماي قالدى. بۇنچە كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە ئۇ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى كۆتۈرۈپ، قوپقۇسىز بىر ئازاب چۇلغىۋالغان، ئىلگىرىكى بەخت - سائادىتى كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە خاراب بولغانىدى. ھالا بۈگۈن ئۇ تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئەمدى بۇ لەيلى - ياقۇتلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇ بۇ مال - دۇنيالارنى ھېچكىم بىلمەس بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ۋاپات

بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا كېتىشنى نىيەت قىلدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇ دېڭىزنىڭ تىك قىياسىدا بىر ئۆڭكۈر
ياسىدى، ئۆڭكۈر شۇنچىلىك تىك جايغا ياسالغانىدىكى، ئۇنىڭغا
كىرمەك بەسى مۇشكۇل ئىدى. ئاندىن ئۇ نەچچە كېچە ـ كۈندۈز
تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى
بۇ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويدى.
پالۋان تىك قىيادا ئولتۇرۇپ، نەزىرىنى مەۋج ئۇرۇپ ئېقى-
ۋاتقان دېڭىز سۈيىگە ئاغدۇردى. قەلبىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز
بىر ئارمان يېلىنجىدى.
— ئاھ، بۈيۈك زېمىن، پېقىر شاھىمىنىڭ ئالتۇن ـ كۈ-
مۈشلىرىنى ساقلاپ قالالمىدىم، ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم. شۇنداق،
بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئەسلىي سېنىڭ باغرىڭدىن كەل-
گەن. ئىنسانلار ئارىسىدىكى رەھىمسىز قىرغىنچىلىقلار قوۋمى-
مىزنى ھالاك قىلدى. ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئىلگىرى-
كى شادىمان، قوۋناق تۇرمۇشلار كەلمەسكە كەتتى. مېنىڭ جې-
نىمنى ئالغۇدەك ھېچكىم قالمىدى. ئوردىدىكى ئالتۇن لوڭقا
ۋە قىممەتلىك قاچا ـ قۇچىلارنى سۈرتۈپ قويغۇدەك ھېچكىم
قالمىدى. ئۆلۈم ئالدىدا سانغۇنمۇ، خىزمەتكارمۇ تەڭ بولدى،
ھەممىسى بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا
سەپەر قىلدى.
ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، خىتابىنى داۋام ئەتتى:
— ئاھ، بۈيۈك زېمىن، سەن بۇ بالايىئاپەتنىڭ گۇۋاھچى-
سى. ئالتۇندىن ياسالغان ئاشۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار، بىباھا
قەدىمىي شەمشەرلەر ئىگىسى بىلەن بىللە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەت-
تى. زىياپەت زالىدا ئەمدى ھېلىقىدەك شادىمان كۈلكىلەر ياڭرى-
مايدۇ؛ پالۋانلارنىڭ بىلەكلىرىگە ئەمدى قىران بۈركۈتلەر ئىك-
كىنچىلەپ قونمايدۇ؛ ئارغىماقلار ئەمدى ئىگىلىرى ئۈچۈن چاپ-
مايدۇ. قىرغىنچىلىق تالايلىغان قوۋم، قەبىلىلەرنى ھالاك قىل-



ـدى!

ئۇ ئايانچلىق ئاۋازدا ئېچىنىشلىق نىدا قىلدى. ئېيتقۇسىز ئازاب تۇمانلىرى ئۇنىڭ قەلب قەسرىنى قاپلىدى. ئۇ قارىيىپ تۇرغان ھېلىقى ئۆڭكۈرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قاراپ قو- يۇپ، تىك قىيادىن دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ يەككە - يىگانە قالغان جىسمى ھەيۋەتلىك ھۆركىرەۋاتقان دېڭىزدا غايىب بولدى.

ئارىدىن يەنە تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىر يىرگىنچلىك قانخور ئەجدىھا ئالتۇن - كۈمۈش يوشۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى ئۆڭكۈرنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى كى- شىنى يىرگەندۈرەتتى، قانخورنىڭ ئاغزىدا زەھەرلىك چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇراتتى. ئىككى كۆزىدىن بىر خىل يىرگىنچلىك نۇر چاقنايتتى. ئۇ كۈندۈزى ئۇۋىسىدا ئالتۇن - كۈمۈشنى بېسىپ يېتىپ، ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ نۇرىنى سۈمۈرسە، كېچىسى ئاس- مانغا چىقىپ، يىرگىنچلىك ئاغزىدىن زەھەرلىك ئوت پۈركۈيت- تى. بۇ ۋەھشىي ئەجدىھانىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، كىشىلەر قورقۇپ، موررىسىدىن تۈتۈن چىقىرالماس بولۇپ قالغانىدى.

300 نەچچە قىش - ياز بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. يىرگىنچلىك ئەجدىھا ئالتۇن - كۈمۈش يوشۇرۇنغان ھېلىقى ئۆينى ساقلاپ ياتتى. ئالتۇن قۇياش ئۆزىنىڭ كۈمۈش نۇرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرغان بىر كۈنى، بىر بىچارە كىشى كىرىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي بىر تال ئالتۇن لوڭقىنى ئوغرىلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، گوتلار تۇگى- مەس بالايىئاپەت ئىچىدە قالدى. ئالتۇن لوڭقىنى ئوغرىلىغان كىشى بىر ئېسىلزادە كىشىنىڭ قۇلى ئىدى. بۇ ئېسىلزادە كىشى بەك رەھىمسىز بولۇپ، قۇللىرىغا چەكسىز زۇلۇم سالاتتى.

قۇلنىڭ دادىسى قېرىپ زەئىپلىشىپ، ئېغىر ئىش - ئەم- گەككە چىداپ بولالماي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىسكىلىتتەك ئورۇق تېنى ئاچلىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمە-

دى. ئوغلى دادىسىنىڭ قورسىقىنى كۆزى يۇمۇلۇشتىن ئىلگىرى راسا بىر تويغۇزۇش ئۈچۈن ئاشخانىدىن نەچچە تال بولكا ئوغرىلاپ چىقتى. كۈتمىگەندە، بۇ ئىش خوجايىنىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خوجايىنى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ قۇلنى ئېسىپ قويۇپ راسا قامچىلىدى. ئۇنىڭ ئوغرىلىق گۇناھى ئۈچۈن ئۈچ كۈن تاماق بەرمەي ئاچ قويدى.

قۇل جاراھەت قاپلىغان ئېغىر تېنىنى سۆرەپ ئۆيىگە قايتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى ئاللىقاچان كۆز يۇمغان، ئاغزىدا تېخى يۇتۇپ بولالمىغان يېرىم بولكا تۇراتتى. چەكسىز ئازاب ئىچىدە قۇلنىڭ يۈرەك باغرى قۇياشتەك پۇچىلاندى. بۇ يىرگىنچلىك قەسىردىن قېچىپ چىقىشقا ئىرادە قىلدى.

يېرىم كېچىدە ئەل ئايىغى بېسىققاندا، ئۇ قەسىردىن ئوغرىلىقچە چىقىپ دېڭىز بويىغا كەلدى، بىر قولۋاقنى يېشىپ، دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسى تامان يۈرۈپ كەتتى.

دېڭىز قاپقارا ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. دېڭىز دولقۇنى قولۋاقنى ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا چايقايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇل ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق دەستىدىن ھوشىدىن كەتتى. قولۋاق گويا بىر تال تاختايغا ئوخشاش دېڭىزدا لەيلەپ يۈرەتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا قولۋاق بىر تاشقا ئۇرۇلۇپ توختاپ قالدى. ئۈستى قاپقارا تىك قىيا، يېنى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق ساھىل ئىدى. توساتتىن، ئۇ بىر كۈچلۈك نۇردىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە بىر ئەجدىھانىڭ ئىس - تۈتەك چىقىرىپ تىك قىياغا سىيلىنغان ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدى.

قۇل ئىشتىن قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرىلا بىر ئەجدىھانىڭ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ساقلاپ ياتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ھالا بۈگۈن ئۇ توساتتىن ئەجدىھانى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆڭكۈردە زادى نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىرادە قىلدى.



ئۇ تىك قىياغا يامىشىپ چىقىپ، تارغىنا يولنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا، دېڭىز ئۈستىدە قۇياش پارلاپ، سېخىي نۇرلىرى بىلەن تىك قىيانى ئاپتاپتەك يورۇتۇۋەتكەن، بۇ بەختسىز كىشىنىڭ قەلبىمۇ قۇياش نۇرى تەپتىدە خېلىلا ئىللىپ قالغان-دى.

ئالتۇن - كۈمۈش قويۇلغان ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىنى ئەجدىھا تاتىلاپ يۈرۈپ سىلىقلاشتۇرۇۋەتكەن، دەل - دەرەخلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوتتا پاك - پاكىز كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. ئۆڭ-كۈرنىڭ ئاغزىدىن مۇدھىش بىر ھىد تارقالدى. ھېلىقى كىشى-نىڭ پۈتۈن ئەزايى ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. قورقۇنچ ئىلكىدە ئۇنىڭ چاچلىرى توك سوقۇۋەتكەن كىشىنىڭكىدەك دىڭ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇ مىڭ بىر جاپادا يامىشىپ چىقىپ ئۆڭكۈرگە كىردى. ھېلىقى يىرگىنچلىك ئەجدىھا يوغان تاش ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۈرۈن چاناقلىرى ھېلى تارىيىپ، ھېلى چوڭىيىپ، گۈلدۈرماممىدەك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۈچلۇق تىرناقلى-رى ئالدىغا سوزۇلغان بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرغىدەك نۇر چې-چىپ تۇراتتى. پانۇستەك يوغان كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ يىرگىنچلىك تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدا تۇرلۇك - تۇمەن قاچا - قۇمۇش، مۇشتۇمدەك - مۇشتۇمدەك ئۈنچە - مەرۋايىت، رەڭگارەڭ لەئلى - ياقۇت، لەيلى - ياقۇتتىن قويۇل-غان زىبۇ زىننەت، شاھلىق تاج، ئالتۇندىن ياسالغان دۇبۇلغا، ساۋۇت ۋە بىباھا شەمشەرلەر چېچىلىپ ياتاتتى...

بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قال-دى. مال - دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئۇنىڭغا قورقۇنچ، ۋەھىمىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇردى، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئاستا-غىنا ئۆمىلەپ كىردى، ئۈستىۋېشى ئەجدىھا پۈركىگەن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىلەن بۇلغاندى. ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى. شۇ



تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆلۈم دەھشىتى ئازراقمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئەجدىھانىڭ يېنىغا ئاستا ئۆمىلەپ باردى، بېشىنى كۆتۈرۈشكە، چىڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئەجدىھا ئويغىنىپلا كەتسە، ئۆزىنى ئەجدىھانىڭ قورسىقىدا كۆرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ ئەجدىھانى ئەگىپ ئۆتۈپ، بىر ئالتۇن قەدەھنى ئېلىپ قوينىغا سالدى. ئۇ يەنە بىر نەرسە ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، ئەجدىھا كاماردەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق چۈشكۈردى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ، ئىشتان - پىشتانىغا سىيىۋەتتى، غال - غال تىترىگىنىچە كەينىگە ياندى. مىڭ تەسلىكتە ئۆڭكۈردىن ئۆمىلەپ چىقىپ، چۈشۈپ قالغان تۈمىقىنىمۇ قارىماستىن قىيادىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئىككى پۇتلۇق يارىلىپ قالغىنىدىن مىڭ قېتىم ئۆكۈندى.

ئۇ ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە دېڭىز بويىغا كېلىپ، ھېلىقى قولۋاققا چىقتى - دە، جان - جەھلى بىلەن قاچتى. ئۆيىگە كېلەي دېگەندىلا ئاندىن قوينىدىكى ئالتۇن قەدەھنى ئېلىپ، قاڭغۇدەك كۆرۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ قەدىمىي ئەڭگۈشتەر قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چاچاتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئېسىل نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، جىقراق ئېلىۋالمىغانلىقىغا مىڭ يېرىدىن ئۆكۈندى. ئۇ قولىدىكى ئالتۇن قەدەھكە قاراپ، قېچىپ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگۈسى كەلمىدى. بۇنى كۆتۈرۈپ بارسا خوجايىنى ئەپۇ قىلىشى، ھەتتا ئۇنى تارتۇقلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىشنى ئىرادە قىلدى.

ئۇ ئۆيىگە بېرىپ، بۇ بىباھا گۆھەرنى خوجايىنىغا ھەدىيە قىلىپ، خوجايىنىنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشتى. ئالتۇن قەدەھنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە جىن چۈشكەن خوجايىن بۇنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. بىچارە قۇل ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى خوجايىنىغا يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىرنى قالدۇرماي بايان



قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، خوجايىن ئەتىسى سەھەردە كېمە بىلەن گۆھەر ئىزدەشكە چىقىشنى ئىرادە قىلدى. كۈتمىگەندە، تاڭ ئاتماي تۇرۇپلا گوت زېمىنىغا بالايىئاپەت ياغدى.

ئۆگىكۈردىكى ئەجدىھا ئويغىنىپ ئادەمزاتنىڭ پۇرىقىنى ئالدى ـ دە، دەرھال ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىشكە پېتىنغان ئادەمزاتنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەجدىھا غەزەپلىنىپ، ئۆڭكۈر ئەتراپىنى ئاختۇرۇپ قېزىۋەتتى، ئەمما ئادەمنى تاپالمىدى. غەزىپى پەلەككە يەتكەن ئەجدىھا ئۇۋىسىغا يېنىپ كىرىپ 300 يىلدىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەيلى ـ ياقۇتلارنى ئىدىتلاپ كۆردى. بىر تال ئالتۇن قەدەھنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، بىرىنىڭ ئۇنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ ئىنسانلاردىن قىساس ئېلىپ، ھېلىقى ئوغرىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى. ئۇ غەزەپ ـ نەپرەت ئىلكىدە قۇياشنىڭ تاغقا باش قويۇشىنى كۈتتى. قاش قارايغان مەھەل بىلەن ئىنسانلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

## ئون ئۈچىنچى قىسسە

# يىرگىنچلىك ئەجدىھانىڭ گوت زېمىنىدا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى

بەختسىزلىك ئاخىر يېتىپ كەلدى. بىر كۈن ئېتىزدا تەر-لەپ - پىشىپ ئىشلەپ چارچاپ كەتكەن كىشىلەر ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولغانىدى. ھېلىقى قۇلىنىڭ خوجايىنى تاڭ يورۇغاندا ياقۇت ئىزدەشكە چىقىش ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇراتتى. ئۇردا زىياپىتى ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا، ئەجدىھامۇ قوزغالدى.

ئەجدىھا تىك قىيادىكى ئۆۋىسىدىن نەرە تارتىپ چىقىشىغا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دەھشەتلىك چاقماق چېقىلدى. ئەجدىھا ئۈچلۈق تىرناقلىرىنى شىلتىپ قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ھۆركىرىشىدىن پۈتكۈل دې-ڭىز لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئالتۇن قەدەھنى ئوغرىلىغان كىشىنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئوغرىدىن قىساس ئېلىپ، ئالتۇن قەدەھنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى.

ئەجدىھا قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن ھۆركىرىگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ قان تولغان يىرگىنچلىك كۆزلىرىدىن ئوت چاچرى-تىپ، زېمىننى كۆندۈزدەك يورۇتىۋەتتى. ئاندىن قان تېمىپ تۇرغان كاماردەك ئېغىزنى يوغان ئېچىپ، بىر ھەشەمەتلىك زالغا دەھشەتلىك ئوت پۈركىدى. ئوت چاچراپ تۇرىدىغان نەشتىرى قەيەرگە تەگسە، شۇ يەر كۆمپەيكۆم بولۇپ، ئوت دېڭىزىغا ئايلان-دى.

كىشىلەر تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بالايىئاپەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆيلىرىدىن ئاللا - توۋا سېلىشىپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار بۇ ئوت دېڭىزىنىڭ چېتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى بۇ بالايىئاپەتكە كىمنىڭ مۇپتىلا قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. دەھشەتلىك ئوت ئۇچرىغاننى يالماپ يۇتۇپ كېتەتتى. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ قۇربى يەتمەيتتى.

ئالتۇن - كۈمۈش ۋەسىۋەسىدە ئولتۇرالماي قالغان ھېلىقى خوجايىن تاتلىق چۈشىدىن ئويغانماي تۇرۇپلا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا چۈچۈلا بولۇپ ئۇدۇل ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ھېلىقى ئۆلۈمگە مەھكۇم قۇل بولسا تاشتىن ياسالغان گەمىدىن قېچىپ چىقىپ بالا - قازادىن ئامان قالدى. ئۇ كۆيۈپ ۋەيران بولغان خارابىلىكتىن ھېلىقى ئالتۇن قەدەھنى تېپىۋالدى. ئۇ مۇشۇ ئالتۇن قەدەھ سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ بېشىغا بالا - قازا ياغقانلىقىدىن تېخىچە خەۋەرسىز ئىدى.

بۇ قۇلنىڭ سەۋەبىدىن جاھان ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى، گوتلارنىڭ بېشىغا بالا - قازا ياغدى!

ئوتتىن ئامان قالغان قۇل ئوتتا قىزىپ قولىنى كۆيدۈرۈپ قويغان ئالتۇن لوڭقىنى قۇچاقلاپ، گەمىگە ئۆمىلەپ كىرىۋالدى. ئەجدىھا ئاسماندا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى راسا بىر نامايان قىلدى. ئەمما، يوقالغان گۆھىرىنى تاپالمىدى. ئەجدىھا چەكسىز ئوت دېڭىزى ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان زېمىنغا قاراپ، قىساس ئوتى ئاستا - ئاستا پەسەيدى ۋە دەھشەتلىك بىر ھۆركىرىگىنىچە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ، ئۇۋىسىغا قايتىپ كەتتى.

سۇبھى بىلەن تەڭ ياغقان قاتتىق يامغۇر زېمىندىكى ئوتنى ئۆچۈردى. كۆيۈپ كۈل بولغان خارابىلىكلەردىن تۇرۇم - تۇرۇم ئىسلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. نەمخۇش ھاۋادىن كۆيگەن جەسەت ھىدى كېلەتتى، بۇ ئوت ئاپىتىنىڭ ئاقىۋىتى ھەرقانداق جەڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولدى.

ئوت دېڭىزى گوتلارنىڭ قەلئە - سارايلىرىنى، سېپىللىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدى. بېئوۋۇفنىڭ باغۋارانلىرى، سەلتەنەتلىك ئوردىسى ۋە ئالتۇندىن ياسالغان تەختى رەھىمسىز ئوتتا كۆيۈپ خاراب بولدى.
چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان قېرى بېئوۋۇلف مىڭبىر جاپادا بەرپا قىلغان باغ - ئېرەملىرىنىڭ بىردەمدىلا خارابىلىككە ئايلاندى كۆرۈپ، يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بىر ئازاب، پىغان ئۆرلىدى ۋە ئايانچلىق ئاۋازدا نىدا قىلدى:
— ئاھ تەڭرىم، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە مەن ھەرقاچان ئۆزۈمنى تىزگىنلەپ تۇردۇم. ئەلنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ، ئاۋام - پۇقرالىرىمغا مېھرى - شەپقەت ياغدۇردۇم. ئەزەلدىن تەكەببۇرلۇق ۋە ھۇزۇرنلۇقۇقا قۇل بولمىدىم. 50 يىلدىن بېرى، گوت زېمىنى ئاۋاتلىشىپ مەمۇرچىلىق بولدى، خەلق پاراۋان، قوۋناق تۇرمۇشقا ساھىب بولدى. ئالدىڭدا قىلغان قايسى گۇناھىم ئۈچۈن ئەل - خەلقىمنى بۇنچە زور بالا - قازاغا دۇچار قىلىسەن؟ ئاھ تەڭرىم، ئەجەبا بۇ سېنىڭ ئىرادەڭمۇ؟ ئەجەبا ماڭا ئەمدى قىيامەت قايىم بولدىمۇ؟ ئۇنىڭ قەلبى ئازابتىن ئوتقاشتەك پۇچىلىنىپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل گاراڭلىق چۇلغىۋالدى.
ياشقا چوڭىيىپ قالغان بۇ پادىشاھ خارابىلىككە ئايلانغان ئوردىسى ۋە كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن خەلقىگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ خىيال يىپلىرى چىگىشلەشتى، بولغان ئىشلار قەلب ئېكراندىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتتى...
گوت پادىشاھى ھېيرا بېئوۋۇفنى يەتتە يېشىدا دادىسى ئەيكىسنىڭ يېنىدىن ئەكىلىۋالغان. قېرى پادىشاھ لېيىزىر بېئوۋۇفنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك پەپىلەپ، ئەتىۋارلاپ باققان، ئۇنىڭغا چەكسىز بالىلارچە خۇشاللىق ۋە ھېس - تۇيغۇ ئاتا قىلغانىدى.



بېئوۋۇفنىڭ ھېربا، ھېركون ۋە ھېيرا قاتارلىق ئۈچ تاغىسى بار ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان زەبەردەست پالۋانلار بولۇپ، كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىز ئىدى. ئۇلار بېئوۋۇفنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ جەڭ ماھارەتلىرىنى، جانبازلىقنى ئۆگەتتى. بېئوۋۇفنى كىچىكىدىنلا ئەقىل ـ ئىدراكتا كامالەتكە يەتكۈزدى، تەڭداشسىز پالۋان قىلدى.

بېئوۋۇف ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان خاراكتېر يېتىلدۈردى. ئۇ ھەمساۋاق دوستى بورىكا بىلەن دېڭىزدا ماھارەت سىنىشىپ، بەش كېچە ـ كۈندۈز سۇ ئۈزۈپ، تالايلىغان خېيىمخەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. توققۇز دېڭىز ئالۋاستىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. كېيىن ئۇ گوتلارنىڭ مەشھۇر سەركەردىسىگە ئايلىنىپ، تالايلىغان جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ تۆھپە يارىتىپ، قېرى پادىشاھ ۋە تاغىلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ھاياتتا بەختمۇ، بەختسىزلىكمۇ بولىدۇ. بېئوۋۇفنىڭ چوڭ تاغىسى بىلەن ئىككىنچى تاغىسى شىكارغا چىقتى، چوڭ تاغىسى بىر زور كېيىكنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئىككىنچى تاغىسى كېيىككە يادىن ئوق ئۈزدى. ئەمما، بىخەستەلىك تۈپەيلى، ئوق نىشانغا تەگمەي، ئات مىنىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاكىسىنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى. چوڭ تاغىسى بىرلا ئىڭراپ، ئاتتىن ھاۋا تاپان بولۇپ يەرگە يىقىلدى، يەر قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. ئىككىنچى تاغىسى ھېركون بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ۋە ئۇچقاندەك بېرىپ ئاكىسىنىڭ تېنىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئەمما، ئۇ ئاكىسىنىڭ تېنىنى قانچە سىلكىمىسۇن، ئۆزىنى قانچىلىك ئاقلىمىسۇن، ئاكىسى ئۇنى تاشلاپ مەڭگۈگە كۆز يۇمدى. ئۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالدى.

ئوغلىنىڭ ياپ‑ياش تۇرۇپلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ

قاغا ـ قوزغۇنلارنىڭ يېمىكى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قىرى پادىشاھ لىيزىرنىڭ قەلبى جۇدالىق دەردىدە قوقاستەك پۇچىلاندى، پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان بىر ئاتا ئۇچۇن ئوغلىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق. ئۇ ئوغلىنىڭ قاتىلىنى جازالاشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى قاتىلمۇ ئۇنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان يۈرەك پارىسى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ چوڭ ئوغلىنى ياد ئېتىش ئۇنىڭغا ئادەت بولدى. ئوغلى ئىلگىرى تۇرغان قەسىر كۈندىن ـ كۈنگە غېرىبلىشىپ بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئوغلى ياتقان ئۆيدىن ئەمدى ئىلگىرىكىدەك شادىمان كۈلكىلەر ياڭرىماس بولدى. مۇزىكا، سازلارنىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ناخشىلار ۋە زىياپەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. قارا تۇپراق ئۇنىڭ ئوغلىنى مەڭگۈگە قوينىغا ئالدى.

چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان پادىشاھ لىيزىر خانىسىدا ئۆزى يىگانە ئولتۇرۇپ، ئوغلى ئۇچۇن جۇدالىق ناخشىلىرىنى ياڭراتتى. پۈتكۈل كائىنات، ئوردا ۋە خانىسىدا بىر ئۆزى يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبى جۇدالىق دەردىدە كاۋاپ بولدى. ئوغلىنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرەي دېسە، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ گەرچە ئىككىنچى ئوغلىنى ئانچە ياخشى كۆرمىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالسا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. نىھايەت، پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان بۇ پادىشاھ ئېغىر مۇسىبەت ئازابىغا چىدىيالمىدى، پانىي ئالەمنىڭ خۇشاللىقىنى تاشلاپ، ئەلنى ئوغۇللىرىغا قالدۇرۇپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

پادىشاھنىڭ تېنى سوۋۇماي تۇرۇپلا شىۋىتسىيىلىكلەر بىلەن گوتلار ئارىسىدا قانلىق جەڭ يۈز بەردى. رەزىل شىۋىتسىيىلىكلەر پادىشاھ لىيزىرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پايانسىز دې-

كىزدىن ئۆتۈپ، ئىنتىقام ئالغىلى كەلدى. بېئوۋۇفنىڭ تاغىلى-
رى ئۇلارنىڭ شۇم نىيىتىدىن خەۋەر تېپىپ، شۋېتسىيىگە بې-
رىپ خان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، خانىشنى بۇلاپ كەتتى.
شۋېتسىيە پادىشاھى ئوگېنسونىڭ ئوتىل ۋە ئونىرا ئىسىم-
لىك ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار ئەسكىلىك، ۋەھشىلىكتە
ئۇچىغا چىققانىدى، جەڭ ماھارىتىمۇ ناھايىتى ئۇستۇن بولۇپ،
ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈپ، پاراكەندە سالاتتى. ئۇلار گوتلار
بىلەن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق جەڭ قىلدى. جەڭ-
دە ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىمدار بولدى. بېئوۋۇفنىڭ
ئىككىنچى تاغىسى ھېركون جەڭدە جېنىدىن ئايرىلدى، شۋېت-
سىيە پادىشاھى ئوگېنسومو قىلىچتا جان بەردى.
كېيىن، كىچىك تاغىسى ھېيرا شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى.
بېئوۋۇف ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىپ تالاي قېتىم تۆھپە
ياراتتى. ھېيرا ئۇنىڭغا ناھايىتى كاتتا ئىنئام بەردى، يۈكسەك
شان - شەرەپ ئاتا قىلدى. ئۇنى يەنە دانىيە خەلقىنىڭ بېشىغا
كەلگەن ئاپەتنى يوقىتىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ
تەڭداشسىز باتۇرلۇقى بىلەن دانىيە ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتنى
تارقىتىپ، يالماۋۇز ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ، گوتلار ئۇ-
چۈن يۈكسەك شان - شەرەپ ۋە ئىنئام قۇچۇپ كەلدى.
ئەمما، ھېيرا بەخت - سائادەت ۋە تىنچ - ئاسايىشلىق
تۇرمۇشتىن خۇدىنى يوقىتىپ، شان - شۆھرىتىدىن زىيادە مەغ-
رۇرلىنىپ، فۇرسلارغا تاجاۋۇز قىلدى. ئاقىۋەت، ياقا - يۇرتتا
جېنىدىن ئايرىلدى. بېئوۋۇف دىلۋىننى ئۆلتۈرۈپ، تاغىسىنىڭ
قان - قىساسىنى ئالدى ۋە دېڭىزدا بەش كېچە - كۈندۈز ئۈزۈپ،
گوت زېمىنىغا قايتىپ كەلدى.
بېئوۋۇف شۋېتسىيە پادىشاھى ئونىرا ئۆچ ئالغىلى كەلگۈچە
بولغان ئارىلىقتا كۆزدەك پادىشاھ ھېردىنى يۆلەپ، ئۇنىڭغا ھەم-
دەمدە بولدى. تەنتەك پادىشاھ ھېردى ئۆزىنى چاغلىماي جەڭگە



چۇشۇپ، ۋەتەن ئۇچۇن جېنىنى تەسەددۇق قىلدى. ئاندىن ئوتتۇ-
را ياشقا بېرىپ قالغان بېئوۋۇف رەسمىي تەختكە ئولتۇرۇپ،
گوت خەلقىنىڭ ھىماتچىسىغا ئايلاندى. دانا پادىشاھ بېئوۋۇف
گوت ئېلىنى 50 يىل ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ، خەلققە
تىنچ - ئاسايىشلىق ۋە بەخت - سائادەت ئاتا قىلدى. ئۆزىمۇ
خېلىلا قېرىپ چىرايىنى سانسىز قورۇقلار قاپلىدى. ئۇ دەل
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەملىكىتى ۋە خەلقىنىڭ بېشىغا
كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئاپەت ياغدى...

ئۆتكەن ئىشلارنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ، پالۋانمۇ
رېئاللىققا يۈزلەندى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن گاڭگىراپ
ياش تۆكتى.

ئۇ يىرگىنچلىك ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىپ، يەر بىلەن
يەكسان قىلىشقا قەتئىي ئىرادە قىلدى.

بېئوۋۇف تالاپەتكە يولۇقۇپ گاڭگىرىغان خەلقىنىڭ ئالدىدا
ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قەسەمنى ئېلان قىلدى:

— بىچارە خەلقىم، سىلەر مېنىڭ يارامسىزلىقىمدىن يىر-
گىنچلىك ئەجدىھانىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىڭلار. بۈگۈن گەر-
چە چاچ - ساقاللىرىم ئۇچىدەك ئاقىرىپ، قىران ۋاقتىمدىكى
باتۇرلۇقۇمنى يوقاتقان بولساممۇ، يەنىلا سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى
ۋە ئېلىمىزنى رەزىل ئەجدىھانىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىغا تاشلاپ
بەرمەيمەن. يىرگىنچلىك ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ھالاك
قىلىمەن. قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغىچە ماڭغان يولۇمدىن
قايتمايمەن.

ئۆمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان خەلق دەرھال ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇشۇپ، قولىدىكى نەيزە - قالقانلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، «قەد-
ىاس ئالايلى» دەپ ۋارقىراشتى، ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھ بىلەن
نېمە كۆرسە تەڭ كۆرۈپ، يىرگىنچلىك ئەجدىھا بىلەن ئاخىرقى
تىنىقى قالغۇچە ئېلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بېئوۋۇف بۇنىڭدىن چەكسىز ھاياجانلىنىپ، قولىنى ئېگىز
كۆتۈردى. كىشىلەر دەرھال جىم بولۇپ، پادىشاھنىڭ گېپىگە
ھۆرمەت بىلەن قۇلاق سالدى.

— رەھمەت سىلەرگە سادىق خەلقىم! مېنىڭ قۇدرىتىم ۋە
ئەقىل - پاراسىتىمگە ئىشىنىڭلار. مەن ھەرگىز ئۇمىدىڭلارنى
يەردە قويمايمەن. ئەينى يىلى يالماۋۇزنى قانداق ئۆلتۈرگەن بول-
سام، يىرگىنچلىك ئەجدىھانىمۇ شۇنداق جېنىدىن جۇدا قىلىپ،
سىلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن. مەن يارامىلىق پالۋاندىن ئون
بىرنى تاللاپ، يىرگىنچلىك ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىمەن. كۆپچى-
لىك، سىلەر بارساڭلار بىرەر زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمى-
سۇن. شۇڭا ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، بىزنىڭ زەپەر خەۋىرى-
مىزنى كۈتۈڭلار، زەپەر قۇچۇشىمىزنى تىلەڭلار!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، خەلقنىڭ ئارىسىدىن يارامىلىق پالۋان-
دىن ئون بىرنى تاللاپ، ئۇلارنى جەڭگە تەييارلىنىشقا بۇيرۇدى.

## ئون تۆتىنچى قىسسە

# ئاق چاچلىق پالۋاننىڭ يىرگىنچلىك ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقانلىقى

بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان، چىناردەك قامەتلىك بې-
ئوۋزۇف خېلىلا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى باتۇرلۇقى-
نى يوقاتمىغانىدى. ئۇ مەشھۇر ئۇستىكارلارنى تەكلىپ قىلىپ،
ئۆزى ئۈچۈن تۆمۈردىن قالقان سوقتۇردى. چۈنكى يىرگىنچلىك
ئەجدىھانىڭ پۈركىگەن ئوتىغا ياغاچتىن ياكى تېرىدىن ياسالغان
قالقان دال بولمايتتى. ئۇ ئەجدىھانى قۇرۇق قول ئۆلتۈرگىلى
بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يېنىغا فۇرسلاردىن ئولجا ئالغان
ھېلىقى شەمشەرنى ئاستى، ئۆتىكىنىڭ قونجىغا ئۆتكۈر خەنجەر-
دىن بىرنى قىستۇردى.

شۇ ئەسنادا، بىر نۆكەر بىرسىنىڭ پادشاھ بىلەن كۆرۈ-
شۈپ، مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتماقچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.
بۇ كىشى ئەسلىدە بۇ قېتىملىق بالايىئاپەتنىڭ
سەۋەبچىسى — ئالتۇن لوڭقىنى ئوغرىلىغان ھېلىقى قول
ئىدى.

ھېلىقى كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ جېنى
ئامان قالغانىدى. ئۇ بۇ قېتىملىق ئاپەتنىڭ ئاشۇ ئالتۇن لوڭقا
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمى-
سە، ئۆزىنىڭمۇ ئامان قالمايدىغانلىقىنى بىلگەندەك قىلاتتى. ھې-
لىقى يىرگىنچلىك ئەجدىھا ئۇنىڭغا چەكچىيىپ، غەزەپ بىلەن:

«لوڭقامنى قايتۇرۇپ بەر!» دەپ ھۆركىرەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇنىڭدىن ئۇ غال - غال تىترەپ جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. شۇنىڭ بىلەن، گەمىدىن ئالتۇن لوڭقىنى ئېلىپ چىقىپ، پادىشاھ بېئوۋۇفنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆز سەۋەنلىكىنى تونۇپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشنى لايىق كۆردى.

قۇل پادىشاھنى كۆرۈش بىلەن تەڭ يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى. قوينىدىن ھېلىقى ئالتۇن لوڭقىنى چىقىرىپ، غال - غال تىترىگىنىچە بېئوۋۇفقا قوش قوللاپ سۇنۇپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە. قۇللىرى ئۆلۈمگە لايىق، قۇللىرى مال - دۇنيانى كۆرۈپ خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئەجدىھانىڭ ئالتۇن لوڭقىسىنى ئوغرىلاپ، شەھەرنىڭ كۆيۈپ كۇل بولۇشىغا سەۋەبچى بولدۇم...

ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىدىن قانداق تاياق يېگەنلىكى، قانداق قېچىپ چىققانلىقى، دېڭىزدىن قانداق ئۆتكەنلىكى، ئەجدىھانىڭ ئۇخلاپ قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن لوڭقىنى قانداق ئوغرىلىغانلىقىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

بېئوۋۇف بۇنى ئاڭلاپ، بالا - قازانىڭ يىلتىزىنى بىلدى، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، بۇ نەپسى يامان قۇلنى جېنىدىن جۇدا قىلغۇسى كەلدى. غەزەپتىن كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيگەن بېئوۋۇف قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ھىم! دۇنيادا ساڭا ئوخشاشمۇ قارانىيەت ئادەملەر بار ئىكەن - ھە! مال - دۇنياغا تويماس ئاچ كۆزلۈكۈڭ تۈپەيلى، پۈتكۈل گوت مىللىتى بالايىئاپەتكە دۇچار بولدى. ئىت بېشىڭ ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە لايىق. ئەمما، كاللاڭ ۋاقتىنچە تېنىڭدە ئامانەت قالسۇن، ھازىر بىزنى ئەجدىھا ئۇۋىسىغا باشلاپ بېرىپ گۇناھىڭنى يۇيىسەن. ئەمدى سەن يولغا چىقىشقا ھازىرلان!

قۇل بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھقا يېنىش - يېنىشلاپ باش ئۇردى

ۋە:

— شاھىمغا رەھمەت، شاھىمغا رەھمەت...، — دېگىنىچە كەينىگە ياندى.

قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەھەل بىلەن، بېئوۋۇف ئون بىر پالۋاننى باشلاپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە يولغا چىقتى. ھېلىقى ياقۇت ئوغرىسىمۇ بېشى سالپايغان ھالدا پالۋانلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇنىڭ كاللىسى ئامانەت قالغان بولغاچقا يول باشلاپ بارماسلىققا ئامالسىز ئىدى.

ئون ئۈچ كىشى ئەگرى بويۇنلۇق قولۋاققا چىقىپ، پايانسىز دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسى تامان يۈرۈپ كەتتى. ھېلىقى ئوغرى قول-ۋاقتا يول باشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ قېتىملىق جەڭنىڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولى-دىغانلىقى، ھايات قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى ئازلىقى



بەش قولدەك ئايان ئىدى.

بېئوۋۇفنىڭ قەلب دېڭىزى گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆر-كەشلىدى. ئۇ كۈچلۈك چىقىۋاتقان شامالغا قارشى قولۋاقنىڭ باش تەرىپىدە تىككىدە تۇردى، قاردەك ئاقارغان ساقاللىرى شا-مالدا يەلپۈنەتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا پالۋانلىرىنى باشلاپ يالماۋۇز گوفاندانى، فۇرسلارنى ئۆلتۇرۇشكە بارغانلىرىنى خىيال ئېكران-دىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغدا ئۇ تولىمۇ قىران، باتۇر ئىدى، كۈچ - قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىدى. ھالا بۈگۈن ئۇ ياشىنىپ قالدى. «ئارمانى بولسىمۇ، دەرمانى يوق ئىدى»، ئەجدىھانى يېڭەلەمدۇ - يوق، بۇنىڭغىمۇ ئىشەنچىسى يوق ئىدى. ئەجدىھانى ئۆلتۇرۇشكە ماڭغانىكەن، ئەمدى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باقماستىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى.

نىھايەت، قولۋاق قىرغاققا يېقىنلاشتى. تىك قىيادىكى ئال-تۇن - كۈمۈش يوشۇرۇنغان ھېلىقى ئۆڭكۈر غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياقۇت ئوغرىسى پالۋانلارغا يول باشلاپ، قىيادىكى چى-غىر يول ئارقىلىق يۇقىرىغا ياماشتى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇلارنى بارغانسېرى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەجدىھانى چۆچۈتۈپ قوي-ماسلىق ئۈچۈن ھەربىر تاشقا ئېھتىيات بىلەن دەسسەيتتى.

ئۇلار ئەجدىھا ئۇۋىسىغا بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئەجدىھا ياتقان ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىن زەھەرلىك تۈتەك چىقىپ تۇراتتى. بېئوۋۇف بۇركۈتتەك كۆزلىرى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ، قالقان ۋە شەمشىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە پالۋانلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ھېلىقى توخۇ يۈرەك ياقۇت ئوغرىسى بولسا قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ، پالۋانلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى. بىرەر شەپە چىقسا قالسا بەدەر تىكىۋېتىشكە تەييار تۇراتتى.

پالۋانلار ئاجايىپ - غارايىپ تاشلارنى دەسسەپ تىك قىيانىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئەجدىھا ئۇۋىسى ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا ئىدى. بېئوۋۇف بىر قورام تاشتا ئولتۇردى، قەلبىنى ۋەھىمە تۇمانلىرى



چۆلغۇۋالدى. ئەجەل ئۇنىڭغا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك بىلىندى. ئۇ پەس ئاۋازدا پالۋانلارغا ئېيتتى:

— بالىلىرىم، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىش مەن بىلەنلا كەتسۇن. ئەجدىھا بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىمەن. يېڭەلمىسەم، تېنىم كۇكۇم - تالقان بولىدۇ. تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باقايلى، قېنى كىم كىمنى يېڭىدىكىن!

شۇ ئەسنادا، ھېلىقى ياقۇت ئوغرىسى ئالدىغا چىقىپ، غال - غال تىترىگىنىچە بېئوۋۇفقا ئېيتتى:

— شاھ ئالىيلىرى، بۇ بالانى مەن تېرىغاندىكىن، ئالتۇن لوڭقىنى ئوغرىلىقچە ئەجدىھا ئۇۋىسىغا مەن ئەكىرىپ قوياي. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىسىلا!

بېئوۋۇف ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ دېدى:

— بىلجىرلىما! مەن ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىشقا ئىرادە قىلغان ئىكەنمەن، ئىرادەمدىن قەتئىي يانمايمەن.

بېئوۋۇف گېپىنى تۈگىتىپ قولىغا قالقاننى ئېلىپ ئۆرە بولدى. دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى چىڭىتىپ، مەردانە قەدەملىرى بىلەن ئەجدىھا ئۆڭكۈرىگە قاراپ ماڭدى.

بىر قورام تاشنىڭ ئاستىدا ئۆڭكۈر ئاغزى قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆڭكۈر ئاغزىنى قويۇق تۇتەك قاپلىغان. بىلەكتەك تار بىر ئېرىقچىدىن يىرگىنچلىك ئەجدىھانىڭ شۆلگىيى سىرتقا ئېقىپ تۇراتتى. ئۆڭكۈر ئىچىدىن ئەجدىھانىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ يىرگىنچلىك مەخلۇق كېچىچە گوت خەلقىگە تالاپەت يەتكۈزۈپ ھېرىپ كەتكەن چېغى، كۈچ توپلاپ ئەتە كەچتە يەنە ئۆچ ئالغىلى بېرىش ئۈچۈن دەم ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بېئوۋۇفنىڭ ئەجدىھا ئۇۋىسىنى كۆرۈپ غەزەپ - نەپرىتى پەلەككە ئۆرلىدى ۋە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— يىرگىنچلىك مەخلۇق، چىقە بۇياققا! گوتلارنىڭ شەمشىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ باق!

ئەجدىھا بېئوۋۇفنىڭ گۇلدۇرمامىدەك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ۋە قانلىق ئاغزىدىن ئۆتكۈر سىرتىغا زەھەرلىك گاز پۈركىدى. شۇئان لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ، يەر - جاھان لەرزىگە كەلدى. بېئوۋۇف ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆزىگە ئوت تەگكۈزمىدى. ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆتكۈر ئاغزىغا كېلىپ شەمشىرىنى چىقاردى، سول قولىدىكى قالقان بىلەن گەۋدىسىنى توسۇپ، غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن ئۆتكۈرنى كۆزىتىپ، ئەجدىھانىڭ زەربىسىگە تەق بولۇپ تۇردى.

ئەجەللىك زەربىسى بىكارغا كەتكەن ئەجدىھا تۈگۈلۈپ توقاچ شەكلىگە كېلىپ، ئۇچلۇق تىرناقلىرى بىلەن گەۋدىسىنى ئۆرە قىلدى. بېشىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ، قىپقىزىل كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئوت چاچرىتىپ، بىمەھەل كەلگەن رەقىبىنىڭ ئۆتكۈرگە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. زېمىن تىترەشتىن توختىدى، ئالەم سۈكۈتكە پاتتى. بۇ ئىككى رەقىب بىر - بىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەپلىك بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئەتراپ ۋەھىمىلىك تۇس ئالدى.

پاراسەتلىك بېئوۋۇف قولىدىكى قالقاننى ئۆتكۈر ئاغزىغا ئەكىلىپ پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، گۇلدۇرمامىدەك ۋارقىرىدى:

— چىقە بۇياققا، يىرگىنچلىك مەخلۇق! غوجا ئاكاڭ بۈگۈن سېنىڭ كۆزۈڭنى ئويۇپ تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، ئەدىپىڭنى بەرگىلى كەلدى.

ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئۇچلۇق تىرناقلىرىنى سوزۇپ، ھۆركىرىگىنىچە ئۆتكۈردىن چىقتى. چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تىرناقلىرى بىلەن ھەملە قىلىپ، غەزەپلىك كۆزلىرىدىن ئوت ياندۇرۇپ ئۆزىگە خىرىس قىلغان رەقىبىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بېئوۋۇف قولىدىكى قالقان بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ۋە شەمشىرىنى چىقىرىپ، ئەجدىھانىڭ قورقۇنچلۇق قاسىرىقىغا قارىتىپ چاپتى. بېئوۋۇفتا ئوتتۇز ئادەمنىڭ كۈچى بار ئىدى.

ئۇ ۋۇجۇددىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئەجدىھانى شەمشەر بىلەن يەنە چاپتى. ئەمما، شەمشەر ئەجدىھاغا ئۆتمەي قاڭقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئەجدىھا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك قاتتىق ئاۋازدا ھۆركىرەپ كەتتى.

بېئوۋۇلف شەمشىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەجدىھانىڭ تىرنىقى ئاستىدىن غىپپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن غەزەپلەنگەن ئەجدىھا، ئاسمانغا ئۇ-چۇپ چىقىپ قاتتىق ھۆركىرىدى. بۇ ھۆركىرەشتىن يەر - جاھان لەرزىگە كېلىپ، قورام تاشلار دومىلاپ چۈشتى. يوغان - يوغان كاداك دەرەخلەر قاراسلاپ سۇندى. ئەجدىھا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېتىلىپ، بېئوۋۇلفقا ئاغزىدىن زەھەرلىك ئوت پۈر-كىدى.

بېئوۋۇلف غايەت زور قورام تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئەجدىھا پۈركىگەن ئوتتا قورام تاش كۆيۈپ چۇچۇ-لىغا ئايلاندى. بېئوۋۇلفنىڭ ساقال - بۇرۇت، كىرپىكلىرى ئۆت-لىنىپ، يۈز - قوللىرىنى ئوت يالىۋەتتى. ئۇ ئاغرىققا چىداپ، تۆمۈر قالقىنى بىلەن گەۋدىسىنى توستى. قولىدا شەمشىرىنى چىڭ قامالاپ، ئەجدىھا بىلەن ئېلىشتى. بېئوۋۇلف بىلەن ئەجدىھا شۇنچىلىك قاتتىق ئېلىشتىكى، نەچچە مەرتەم ئېلىشىپمۇ ئەجدىھا بېئوۋۇلفنى ئۆلتۈرەلمىدى. ئەكسىچە بېئوۋۇلفنىڭ شەمشىرىدە نۇرغۇن قاسراقلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇ گاھ ئاسمانغا چىقسا، گاھ يەرگە چۈشۈپ تاش ئۈستىدە دومىلايتتى. ئەجدىھانىڭ تېنى بەك كېلەڭسىز بولغاچقا، بېئوۋۇلف چاققانلىق قىلىپ زادىلا تۇتۇق بەرمىدى. بۇنىڭدىن ئەجدىھا خېلىلا ھالسىراپ قالدى. بېئوۋۇلفمۇ ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىۋېرىپ، زەربە بەرگۈدەك ھالى قالمىدى. ئۇ خېلىلا ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، قىران ۋاقتىدىكى كۈچ - قۇدرىتى ۋە چەبدەسلىكى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يارىلان-غاچقا، بارغانسېرى ھالسىراپ قالدى...



بېئوۋۇفقا ئەگىشىپ كەلگەن پالۋانلار تالاي قېتىملاپ قانلىق جەڭلەرگە كىرىپ تاۋلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق يوغان يىر- گىنچلىك مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەجدىھا كۆككە كۆتۈ- رۈلگەندە، ئۇلار قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ۋە قولىلىرىدىكى قىلىچ - قالقانلىرىنى تاشلاپ، ئورمانلىققا بەدەر تىكىۋەتتى. ھېلىقى ياقۇت ئوغرىسىمۇ قاچىمەن دەپ تىك ياردىن چۈشۈپ كېتىپ، تەنلىرى كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى. ئون بىر كىشىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا ھەقىقىي پالۋان بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىراف بولۇپ، ۋىخستاننىڭ ئوغلى ئىدى.

ئۇ بېئوۋۇفنىڭ ھالسىراپ ئەجدىھاغا بارغانسېرى تەڭ كې- لەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ بېئو- ۋۇفنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئاتىلارچە مېھرىبانلىقىنى، ئۆزى ۋە دادى- سىغا قورۇ - جاي، باغ - ئېرەم ئاتا قىلغانلىقىنى، چەكسىز ئىنئاملارنى ھەدىيە قىلغانلىرىنى خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆت- كۈزۈپ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. گەرچە پادىشاھ ئەجدىھا بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىمەن، دەپ پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. بىر قولىغا قالقان، بىر قولىغا شەمشەر ئالدى.

قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت پارقىراپ تۇرغان بۇ شەمشەر شىۋېتسىيە پادىشاھى ئوتىلنىڭ ئوغلى ئەيمىندىن قالغان تەۋەر- رۈك ئىدى. ئەينى يىلى ۋىخستان ئەيمىننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇتى، شەمشىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، زالىم پادىشاھ ئونىراغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئونىرا ئۇنى يەنە ۋىخستانغا تەقدىم قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ۋىخستان بۇ شەمشەرنى خېلى يىللارغى- چە ئىشلەتكەن. كېيىن ئوغلى ۋىراف چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىپ، بېئوۋۇفنىڭ يېنىغا كېلىپ، گوت پادىشاھىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلانغان. ۋىخستانمۇ گوت ئېلىگە كېلىپ، ئۆمە- رىنىڭ ئاخىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزگەن. كۆز يۇمۇش ئالدىدا، بۇ

شەمشەرنى بىردىنبىر ئوغلى ۋىرافقا بەرگەن.
مانا ئەمدى ۋىراف دادىسىدىن قالغان شەمشەرنى كۆتۈرۈپ، يىرگىنچلىك ئەجدىھاغا، ئۆلۈم تەھدىتىگە يۈزلەندى. ئۇ بېئو-ۋۇفنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولماقنى، شەپقەتچىسىنى جېنى بىلەن قوغدىماقنى نىيەت قىلدى.
ئۇ شەمشىرىنى شىلتىپ ھەمراھلىرىنى جەڭگە ئۈندىدى. ئەمما، ھېچكىمدىن سادا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، قەلبى ئازاب-تىن ئۆرتىنىپ ۋارقىرىدى:
— ھۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان تۈزكورلار، بەرگەن قەسەملى-رىڭنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭما؟ شاھىمىزنىڭ ئوت دېڭىزدا ئەجدىھا بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشمەيۋاتامسەن؟ تېز بو-لۇش، مەن بىلەن مېڭىش! بولمىسا، تەڭرى سەنلەرنى كەچۈر-مەيدۇ!
ئورمانلىقتىن ھېچ سادا كەلمىدى. ئۇلار قورققىنىدىن خۇ-دىنى يوقىتىپ، ئوت - چۆپ دۆۋىسىگە كىرىۋېلىپ، ۋىراف قانچە چاقىرسىمۇ چىققىلى ئۇنىمىدى.
ۋىراف بېئوۋۇفقا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئىس - تۈتەك ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ ۋارقىرىدى:
— قەدىرلىك شاپائەتچىم، مەن ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولغىلى كەلدىم، قەددىلىرىنى رۇسلاپ، ئىلاھىي كارامەتلىرىنى كۆرسەت-كەيلا! قىران ۋاقىتلىرىدا دائىم دەيدىغان «ئادەم بولىدىكەن، شان - شەرەپمۇ بولىدۇ»، «ۋاز كەچمەسلىكنىڭ ئۆزى غەلىبە دېمەكتۇر» دېگەن ھېكمەتلىرىنى ئۇنتۇمىغايلا شاھىم. بەرداشلىق بەرسىلە، كەينىلىرىگە يانمىسىلا!
خېلى ئۇزۇن ئېلىشىپمۇ بىربىرىۋاينى يېڭەلمىگەن-لىكىدىن تىت - تىت بولۇپ تۇرغان ئەجدىھا كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سىركەردىدىن يەنە بىرىنىڭ چۈشكەنلىكىدىن تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى. ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن

ئەجدىھا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرىنى ياندۇرۇپ، ئۇچلۇق تىرناقلىرىنى شىلتىپ ۋىرافقا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ ۋىرافنى بىر زەربە بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچىدەك قىلاتتى.

ۋىرافنىڭ پۇت - قوللىرى يېشىغا مۇناسىپ ھالدا چاققان ئىدى. ئۇ ھېلى ئوڭدىن، ھېلى سولدىن، گاھ يۇقىرىدىن، گاھ تۆۋەندىن ھەملە قىلىپ، ئەجدىھانى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. ئەجدىھا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ۋىرافقا زەھەرلىك ئوت پۈركىدى. ۋىراف چەبدەسلىك بىلەن قالقاننى ئۆزىگە دالدا قىلىپ، ئەجدىھانىڭ بېشى ئاستىدىن غىپپىلا ئۆتۈپ كەتتى. كۈتمىگەندە، قالقىنىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئەجدىھا پۈركىگەن ئوتتا كۆيۈپ، پەقەت چەمبىرىكىلا قالدى. ئۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، كېرىكى قالمىغان قالقاننى چۆرۈۋەتتى ۋە بىر دوملاپلا بېئوۋۇلفنىڭ يېنىغا كەلدى. بىردەم بولسىمۇ ئۇھ دەۋالغان بېئوۋۇلف يىرگىنچلىك ئەجدىھانىڭ ۋىرافقا چاڭگال سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ خاسىيەتلىك شەمشىرى بىلەن ئەجدىھانىڭ بېشىغا چاپتى. كۈتمىگەندە، شەمشەر سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ، يېرىمى قىياغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈگەن بېئوۋۇلف «مەن تۈگىشىپتىمەن، مېنى ئەس بېسىپتۇ!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

بۇ زەربىدىن غەزەپكە كەلگەن ئەجدىھا ھېچنېمىگە قارىماستىن ياشانغان بېئوۋۇلفقا ئېتىلدى. ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ، بېئوۋۇلفنى دۇبۇلغا، ساۋۇتى بىلەن قوشۇپلا قاماللىدى، ئاندىن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، زەھەرلىك چىشلىرى بىلەن بېئوۋۇلفنىڭ بوينىدىن چىشلىدى. بېئوۋۇلفنىڭ دۇبۇلغىسى ئەجدىھانىڭ قاتتىق چىشلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قاراسلاپ كەتتى، بېئوۋۇلفنىڭ بوينى ۋە كۆكرىكىدىن قىپقىزىل قانلار بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ، پۈتۈن ئەزايى قانغا بويالدى. بېئوۋۇلف دەماللىققا خۇدىنى يوقاتتى. قولىدىكى پۇچۇق شەمشەرمۇ تاراڭگىدە يەرگە چۈشۈپ



كەتتى...

ئەجەل قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا قالغان بۇ مۇھىم پەيتتە، بىئوۋۇفنىڭ يېنىدا تۇرغان پالۋان ۋىراف پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سالدى.

ئۇ ئەجدىھانىڭ شەپقەتچىسىنى چىشلەپ، يۈز - كۆزىنى قانغا بويىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئازابتىن تولغىنىپ كەتتى. شەمشىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەجدىھانىڭ كېكىرتىكىگە قارىتىپ كۈچەپ سانجىدى، «پورت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ شەمشەر ئەجدىھانىڭ كېكىرتىكىگە دەستىسىگىچە كىرىپ كەتتى، شۇ ھامان ئەجدىھانىڭ كېكىرتىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قاپقارا قان ۋىرافنىڭ قوللىرىنى بويلاپ يەرگە ئاقتى. ئەجەل شەمشىرى سانجىلغان ئەجدىھانىڭ زەھەرلىك ئوتلىرى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ، بىئوۋۇفنى چىشلىگەن چىشلىرىنى سەل بوشاتتى.

بىئوۋۇف شۇئان كۆزىنى ئاچتى ۋە ئەجدىھانىڭ كەينى تىرنىقى ۋىرافقا سانجىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆتكىنىنىڭ قونجىسىغا قىستۇرۇقلۇق خەنجىرىنى ئالدى - دە، ئەجدىھانىڭ



يۈرىكىگە توغرىلاپ كۆچەپ تىقتى. ئەجدىھا بىرلا چىرقىراپ، بېئوۋۇفنىڭ كۆكرىكىگە ئېسىلغان قولىنى بوشاتتى، كۆكرىكى-دىن قاپقارا قان ئېتىلىپ چىقتى.

ئەجدىھا تاغ ئۆرۈلگەندەك دەھشەت بىلەن ئاسماندىن يەرگە يىقىلىپ، قان ئىچىدە ئاچچىق جان تالاشتى. قاسراقلىرى ئاستا - ئاستا كىرىشىپ، زەھەرلىك ئوتلىرى پۈتۈنلەي ئۆچتى. كۆزلىرى ئاستا - ئاستا يۇمۇلدى. ئەڭ ئاخىردا بىرنى خارتىلداپ قويۇپ بىراقلا تىنىقتىن قالدى.

جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان بېئوۋۇف قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. پۈتۈن ئەزايى قان بىلەن بۇلغانغان ۋىرافمۇ قىيا تاشقا يۆلىنىپ ھاسىراپ تۇراتتى. بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق جەڭ ئۆلارنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى.

كەچكى شەپەق دېڭىز يۈزىنى قىزغۇچ ھالەتكە كەلتۈرگەن، بايا ئېلىشىش يۈز بەرگەن جاي ناھايىتى ئېچىنىشلىق تۈس ئالغا-نىدى. قان ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغان بولۇپ، سەلكىن شامال ئۇ پۇراقلارنى تارقىتىۋېتەلمىگەنىدى. خۇددى كۈچلۈك بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندەك بېئوۋۇف بىلەن ۋىرافنىڭ ئىگرىشى ۋە ھاسىرىشىدىن ئۆزگە سادا يوق ئىدى، يەر - زېمىن يىگىنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت تۈس ئالدى...

پالۋان ۋىراف شەمشىرىگە تايىنىپ ئۆرە تۇردى، ئۇ ئولتۇر-سا - قوپسا ئاتا سۆيەت بېئوۋۇفنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئۇ ئىگرىغان ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپنى بويلاپ بېئوۋۇفنى ئىزدەشكە باشلىدى. بېئوۋۇف قانغا مىلەنگەن ھالەتتە بىھوش ياتاتتى. دۈ-بۇلغىسى يېرىلغان، ساۋۇتى يىرتىلغانىدى. بەدىنىدىن چىقىۋاتقان قان تېخىچە توختىمىغانىدى. يالت - يۇلت چاقناپ تۇرىدىغان ھېلىقى خەنجىرى قولىدا چىڭگىدە سىقىمداقلىق ئىدى. ۋىراف پادىشاھنى ئاستا يۆلەپ، تاشقا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن تاغدىن چۈشۈپ، دۇبۇلغىسى بىلەن بۇلاق سۈيى ئەكىلىپ، بېئوۋۇفنىڭ

بەدىنىدىكى قانلارنى يۇيۇۋەتتى. بېشىدىكى دۇبۇلغىنى ئېلىۋەت-
تى. بېئوۋۇف تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇردى، كەچكى شەپەق ئۇنىڭ
تاتارغان يۈزىگە قىزغۇچ نۇرلىرىنى سەپكەنىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا
كۆزىنى ئېچىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ
غايەت زور جەسىتىگە قاراپ قويدى - دە، چېھرىسىدە بەختىيارانە
تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.



## ئون بەشىنچى قىسسە

# ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن پالۋاننىڭ لەھەت يولىغا ماڭغانلىقى

كەچقۇرۇننىڭ غۇر - غۇر شامىلى جىلغىدىكى ئورمانلارنى سۆيۈپ ئۆتتى. دولقۇنلۇق دېڭىز سۈيى قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى يوقاپ، دېڭىزنىڭ غەربىگە باش قويدى.

پالۋان بېئوۋۇف تەمكىن ھالەتتە بىر قورام تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئەجدىھا قالدۇرغان يارا ئاغزى قىزىپ ئوت بولۇپ، ئىششىپ يىرىڭداشقا باشلىدى. ئۇ ئەجدىھانىڭ زەھىرى كۆكرىكىدىن پۈتۈن ئەزايىغا تارالۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق ئايىغىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولدى. ھايات يولىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، پانىي ئالەمدىكى رىزقىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ئەزرائىلغا جان تەسلىم قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان سادىق ھەمراھى ۋىرافنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان باشقىچە نۇرنى كۆرۈپ، تەمكىنلىك ۋە مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:

— بالام ۋىراف، ئازابلىق ياشلىرىڭنى تۆكمە. ئەمدى مېنىڭمۇ تەختىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاقتىم كەلدى. ئەمما، تەڭرى ئورنۇمغا دەسسەيدىغان بىر پەرزەنتنى مەندىن ئايايتتىكەن. ئەللىك يىلدىن بېرى مەن گوت ئېلىنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن

سوراپ كەلدىم. قوشنا ئەللەرنىڭ بىرەرسىمۇ ماڭا تىغ كۆتۈرۈشكە پېتىنالمىدى. قۇدرەت تېپىشنى ئەلا بىلىپ كەلدىم، ئەزەلدىن سۇيىقەست پىلانلىمىدىم، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ۋەدە - قەسەملەرنى بەرمىدىم. شۇ تاپتا تەڭرى مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتىدۇ، روھ قۇشۇم بەدەن قەپىزىمدىن ئۇچۇپ كەتمەك بولۇۋاتىدۇ، ئەمما كۆڭلۈم شۇنچىلىك خاتىرجەم. قەلبىم ئۆكۈنۈش ۋە ئارماندىن يىراق. بالام، تېز بېرىپ ئۈنچە - مەرۋايىت قويۇلغان ئۆڭكۈرنى ئاچقىن. لەيلى - ياقۇتلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالاي.

ئۇ گېپىنى تۈگەتتى. كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقنىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە خەلقىگە كەلتۈرگەن مال - دۇنيانى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولدى.

قەلبى ئازابتىن چەكسىز ئۆرتىنىپ لەختە - لەختە بولغان ۋىراق قىيماسلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— شاھىم، مەن كەلگۈچە بەرداشلىق بەرسىلە، مېنى ساقلاپ تۇرسىلا، — دېدى.

ئۇ قاتمۇقات تۆمۈر ھالقىلاردىن توقۇلغان ساۋۇتنى يېپىنچاقلاپ، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان پادىشاھقا قاراپ قويدى - دە، ئەجدىھا ئۆڭكۈرى تامامەن يورۇپ كەتتى.

ئۇ ھايالشمايلا ئالتۇن - كۈمۈش قويۇلغان ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەمشىرىنى چىقىرىپ، گۆردەك قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە ئېھتىيات بىلەن قەدەم باستى. ئىلگىرى ئەجدىھا ياتقان چوڭ قورام تاشقا قەدەم بېسىشى بىلەن تەڭ بىھېساب ئالتۇن - كۈمۈش، لەيلى - ياقۇتلارنىڭ دەستىدىن كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. •

ئۆڭكۈر ئىچى غىچلا ئالتۇن - كۈمۈش، تاملىرىغا لەيلى - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلار ئېسىقلىق ئىدى. قەدىمكى-

لەر ئىشلەتكەن تۈرلۈك ـ تۈمەن شاراب قەدەھلىرى سۈرتۈلمىگە-
نىگە ئۆزۈن بولغاچقا، جۇلاسىنى يوقاتقانىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش-
تىن ياسالغان بىلەزۈكلەر يەردە پارقىراپ تۇراتتى. يىللارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن داتلىشىپ كەتكەن دۆۋە ـ دۆۋە دۇبۇلغىلار تالايلى-
غان بەختسىزلىكلەرنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە تاشلىنىپ ياتاتتى.

ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىغا زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن، كىشى
قاراپ ئولتۇرغۇدەك نەپىس ئىشلەنگەن تۇغ ـ ئەلەم ئېسىپ قو-
يۇلغان بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرلىرى ئۆڭكۈرنىڭ بىر
بۇلۇڭىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ۋىراف ئۆڭكۈر ئىچىنى بىر ـ بىرلەپ كۆزىتىپ چىقىپ،
بىخەتەر ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى ـ دە، شەمشىرىنى يېنىغا
سالدى. ئۇ ئالتۇندىن ياسالغان لوڭقا ـ پەتنۇسلارنى، ھېلىقى
ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان تۇغ ـ ئەلەمنى ھاپىلا ـ شاپىلا
قوينىغا سالدى ـ دە، ئۆڭكۈردىن تېزلا يېنىپ چىقتى. ئۇ
نىمجان ھالەتتە قالغان بېئوۋۇفنىڭ ئۆزى ئەكەلگەن جاۋا-
ھىراتلارنى كۆرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قەلبى ئېيتقۇسىز
بىر تىت ـ تىتلىقتا قالغانىدى.

نىھايەت، ئۇ جاۋاھىراتلارنى نىمجان ھالەتتە ياتقان شەپقەت-
چىسىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بېئوۋۇفنىڭ بەدىنىدىن ئېقىۋاتقان
قان تېخىچە توختىمىغان، ئەجدىھانىڭ زەھىرى پۈتۈن ئەزايىغا
تاراپ كەتكەنىدى، بېشىمۇ قاپاقتەك ئىششىپ كەتكەن، كۆزلىرى
يۇمۇق ھالەتتە جىمجىت ياتاتتى. پەقەت ئاجىز تىنىقىلا ئۇنىڭ
ھايات شامىنىڭ تېخى ئۆچمەي ۋىرافنى ساقلاپ تۇرغانلىقىدىن
دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

ۋىراف دەرھال سۇ بىلەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ،
ئىسمىنى چاقىردى. بېئوۋۇف كۆزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئېچىپ،
كۆز ئالدىدىكى بىباھا بۇيۇملارغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. ئازابلىق
بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا دېدى:

— مەن بۇ بايلىقلار ئۈچۈن تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ھەممىگە قادىر تەڭرى مېنى خەلقىمگە مۇشۇنداق سوۋغا - سالام-لارنى تۆھپە قىلىشىمغا مۇشەررەپ قىلدى. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق.

ئۇ بىرنى ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋام ئەتتى:

— ۋىراف، مېنىڭ سادىق ئوغلۇم. ئەلنىڭ ئىشلىرى ساڭا قالدى. ئەجەل سىرتىمىقى بوينۇمغا سېلىنىدى. ئېسىڭدە بولسۇن، جەستىمنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن، خەلقىمنىڭ مەڭگۈ ياد ئې-تىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ماڭا كۆركەم قىلىپ بىر قەبرە قاتۇرۇڭلار. ئۇ دېڭىزنىڭ تىك قىياسىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرسۇن. قەبرە يىراق - يىراقلاردىن كېلىپ قويۇق تۇماندا قالغان غەۋۋاسلارنىڭ يۆنىلىشىنى پەرق ئېتىشى ئۈچۈنمۇ بىر تۆھپە بولۇپ قالسۇن! ئۇنىڭغا «بېئوۋۇلف مەقبەرىسى» دەپ نام قويۇڭلار.

ۋىراف كۆزلىرى لىق ياشقا تولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىت-تى. ئاخىردا بېئوۋۇلف تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوينىدىكى مارجاننى ئېلىپ، ئازاب ئىلكىدە تولغىنىۋاتقان ۋىرافقا بەردى ۋە بېنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن دۇبۇلغا، ساۋۇتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئايانچلىق ئاۋازدا دېدى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قالدى، ئوبدان ئاسرا. بالام، سەن قوۋمىمىزنىڭ بىردىنبىر يىلتىزىسەن. ئۇرۇق - تۇغقانلى-رىمنىڭ ھەممىسى مەندىن بۇرۇن كېتىپ قالدى. ئەمدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېتەي.

بېئوۋۇلفنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ ۋىرافنى تۇتۇپ تۇر-غان قوللىرى بوشاپ كەتتى. كۆزلىرىنىڭ ئاداققى نۇرلىرى يالت-تىدە بىر چاقنىدى - دە، كۆزلىرى ئاستا - ئاستا يۇمۇلدى. بېشى يانغا قىيسىيىپ، تىنىقىدىن قالدى.

ۋىراف پادىشاھقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئازابلىق يىغا ئاۋازى جىلغا ئارىسىدا ئەكس



سادا هاسىل قىلىپ، دېڭىز شاۋقۇنى بىلەن بىرلىشىپ تېخمۇ ئازابلىق بىر ھالەتنى پەيدا قىلدى...
ئۇ ئۆزى دۇنيادا ئەڭ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان كىشىنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى كۆرۈپ، قەلبىنى ئۆكۈنۈش تۇمانلىرى قاپلىدى:
— شاپائەتچىم، مېنىڭ بىر قەدەم كېچىكىپ كەلگىنىمنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە كۆز يۇمدىڭىز. ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم...
ۋىرافىنىڭ يىغلاۋېرىپ كۆز ياشلىرى قۇرۇدى. ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلغان مەھەل بىلەن، ئۇ پادىشاھنىڭ جەسىتىنى ئـۆڭكـۈرگـە يـۆدۈپ ئەكـىرىپ، بىھېسـاب ئالتۇن - كۆمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنىڭ يېنىغا قويدى. ئۆزى ئۆڭكۈر ئاغزىدا ئولتۇرۇپ، بېئوۋۇفنىڭ جەسىتىنى باقتى.
شۇ ئەسنادا، ئۆڭكۈر ئاغزىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەسلىدە مۇھىم پەيتتە قۇيرۇقىنى خادا قىلغان ھېلىقى ئون بىر توخۇ يۈرەك ئورمانلىقتىن چىقىپ ئۆڭكۈر ئالدىغا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قورقۇپ قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان يۈرەكلىرى جايىغا چۈشكەندەك قىلاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار خىجىللىق ئىلكىدە دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بېئوۋۇفنىڭ ھالىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆڭكۈر سىرتىدا ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەنىدى.
ئۇلار ۋىرافىنىڭ غەزەپلىك ۋە ئازابلىق چىرايىغا قاراشتى. ئۇ شۇ تاپتا پادىشاھنىڭ ۋاپاتىدىن چەكسىز قايغۇرۇپ، بۇ كارغا كەلمەس توخۇ يۈرەكلەرگە ئېچىنىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆتكۈر شەمشىرى بىلەن بۇ قاچاقلارنى جېنىدىن جۇدا قىلغۇسى كەلدىيۇ، غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، تەئەددى بىلەن ئېيتتى:
— ھىم! سەنلەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ ئاشۇ داپ

يۈزۈڭنى كۆتۈرۈشۈپ يەنە نېمە قىلغىلى كېلىشتىڭ؟ شاھىمىز كۆز يۇمدى، مەڭگۈگە كۆز يۇمدى.

ۋىرافنىڭ ئازابلىق ياشلىرى يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يىغىدىن سەل توختاپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن رەزگى دەيۈزلەر! ئۇچاڭدىكى ئېسىل دۇبۇلغا – ساۋۇت، گېلىڭغا يېپىشىۋاتقان مەززىلىك ناز ۇ نېمەت، ئۆيلىرىڭلاردىكى بايلىقلارنىڭ قايسىبىرىنى سېخىي شاھىمىز بەرمىگەن! ئېسىت، شاھىمىزنىڭ سەنلەرنى ئارزۇلاپ بېقىپ كەتكەنلىرى!

— سەنلەر ۋىجدان ئازابىدا قوقاستەك پۇچۇلىنىسىلەر، ۋىجدان سىرتمىقىنىڭ ئالدىدا دارغا ئېسىلىسىلەر! ئەمدى سەنلەر شاھىمىزنىڭ جەسىتى ئالدىغا يۈكۈنۈپ گۇناھىڭنى تىلەش!

ئۇلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ، بېئوۋۇفنىڭ جەسىتى ئالدىغا يۈكۈنۈشتى. پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكتى، ئۆزلىرىنىڭ نومۇسسىزلىقى ئۈچۈن مىڭ توۋا قىلدى.

ئۇلار گۇناھىنى تىلەپ بولغاندىن كېيىن، ۋىراف بېئوۋۇف كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە قالدۇرغان مارجاننى ئېلىپ، بوينىغا ئاستى ۋە كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ھۆرمەتلىك شاھىمىز كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى شاھلىق تەختىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ، ئەلنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مېنى ۋارىس قىلدى. ئەمدى مەن سىلەرگە شاھ بولدۇم. گۇناھىڭلار تاغدىنمۇ ئېغىر بولغاچقا، مەن سىلەرنىڭ ئەمەل – مەنسىپىڭلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭلارغا توۋا قىلدۇرىمەن. قىلغان گۇناھىڭلارغا توۋا قىلىپ، گۇناھىڭلارنى يۇيۇڭلار. ئەمىسە ھازىردىن باشلاپ تاڭ ئاتقۇچە شاھىمىزنىڭ جەسىتىگە نۆۋەت بىلەن قارايمىز.

ئۇزۇن – ئۇزۇن ئاخىرى تاڭغا ئۇلاشتى. سەھەر قۇياشىنىڭ تال – تال نۇرلىرى ئۆڭكۈر ئىچىگە چۈشتى. ۋىراف بىر



سەركەردىنى ئوردىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى.

دېڭىز ساھىلىدا جىمى ئاۋام خەلق دەككە - دۈككە ئىلكىدە خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى ئېلىشىشنىڭ ئانچە خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا شاھنىڭ يەنە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەنىدى.

ھېلىقى سەركەردە پايانسىز دېڭىزنى قولۋاق بىلەن تامامىلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. پادىشاھنىڭ ئەجدىھا بىلەن قانداق ئېلىشقانلىقىنى ئەينەن بايان قىلدى. ئەمما، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان نومۇسسىزلىقىنىڭ بىرىنىمۇ تىلغا ئالمىدى. ئۇ دېدى:

— يۇرتداشلار، شۇ كۈنى بىز دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئەجدىھا ئۆڭكۈرىگە يېتىپ كەلدۇق. پالۋانىمىز بىزنى جايىمىزدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئەجدىھا بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشتى. بىز ئەزەلدىن بۇنداق دەھشەتلىك ئېلىشىشنى كۆرۈپ باقمىغان. نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ، شاھىمىزمۇ، ئەجدىھامۇ يارىلاندى. بۇ چاغدا ۋىراق تاقەت قىلالماي سەكرەپ چۈشۈپ شاھىمىز بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈردى. شاھىمىزمۇ بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىپ، تەڭرىنىڭ قېشىغا كەتتى...

كىشىلەر بۇ قاباھەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر پەسكە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ زەربە ئەجدىھانىڭ گوت خەلقىگە كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقىدىن خېلىلا زور ئىدى. كىشىلەر پارا-سەتلىك پادىشاھنىڭ ۋاپاتىدىن چەكسىز قايغۇرۇشتى، گوت مىل-لىتىنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن گاڭگىراپ قالدى.

ئەگەر پادىشاھ بېئوۋۇلفنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى فۇرسلارنىڭ قۇ-لىقىغا يېتىپ قالسا، ئەينى يىلى ھېيرا فۇرسلارنىڭ زېمىنىغا لەشكەر باشلاپ بېرىپ تەلۋىلەرچە قىرغىنچىلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆچ ئالغىلى كېلىدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. جەنۇبتىن كېلى-دىغان تەھدىت ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالدى.

شىمالدىكى شىۋىتسىيىلىكلەرمۇ پۇرسەت تاپسىلا چېگرىدىن ئۆتۈپ، گوتلاردىن قانغا قان، جانغا جان ئالاتتى. ئەينى يىلى گوتلار مەغرۇرلىنىشىپ تېرىسىگە پاتماي ئۇرۇشخۇمار شىۋىتسىيە-لىكلەرگە تېگىش قىلغان. شۇ جەڭگە قاتناشقانلار ئاشۇ قانلىق جەڭ ئۇچۇن ئۆتكۈزگەن تالاي كېچە - كۈندۈزلەرنى تېخىچە ئۇنتۇمىغانىدى.

ئەينى چاغدا، گوت لەشكەرلىرى شىۋىتسىيە خان ئوردىسىغا تېگىش قىلىپ، خانىش ۋە ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلارنى بۇلاپ كەلدى. ئۇلار خۇشاللىقىدا قىنىغا پاتماي، قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، شىۋىتسىيە شاھى ئوگېنسونىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىدى. بىر پەس قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، شىۋىتسىيە پادى-شاھى ئوگېنسو گوت پادىشاھى ھېركوننى ئۆلتۈرۈپ، خانىشى ۋە مال - دۇنيالىرىنى قايتۇرۇۋالدى. گوت پادىشاھى ئۆلگەندىن كېيىن، لەشكەرلەر بېشى يوق يىلانغا ئوخشاپ قېلىپ پىتىراپ كەتتى. ئوگېنسو زور لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئۇلارنى بىر كېچە قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى.

ئوگېنسو تاڭ ئاتسىلا ئۇلارنى بىردىن - بىردىن قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، جەسەتلىرىنى قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. گوت لەشكەرلىرى بۇنىڭدىن چۆچۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ئەمما، ئەتىسى سۇبھى پەيتى بىلەن ئۇمىد چىرىغى يېنىپ، ھېيرا لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن گوتلار بىلەن شىۋىتسىيىلىكلەر ئارىسىدىكى تىركىشىش قايتا باشلاندى.

ئىچى ۋە تېشىدىن تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم قىلىش تەلۋىلەش-كەن ئوگېنسونى چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۇ دەرھال ئاتقا مىنىپ ھېيراغا تاشلاندى. ئۇ ھېيرانىڭ باتۇرلۇقى ۋە ماھا-رىتىنى ئوبدان بىلگەچكە چىرايىغا بەختسىزلىك ئالامەتلىرى تې-

ىپ چىقتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قىرغىنچىلىق يۈز بەردى.
سانجاق ـ سانجاق نەيزىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ، تاراڭ ـ
تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىراتتى. قىلىچ ـ شەمشەرلەرنىڭ ئۆتكۈر تىغلى-
رى قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت چاقنايتتى. قانلار دەريا بولۇپ
ئېقىپ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ھېيرانىڭ قول
ئاستىدا ياۋا توڭگۇز لەقەملىك ئەيفىل بىلەن «چىلبۆرە» لەقەم-
لىك فورىفتىن ئىبارەت ئىككى سانغۇن بار بولۇپ، ئۇلار تەڭداش-
سىز باتۇر ئىدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغاننى قىلىچىدىن ئۆتكۈ-
زۈپ، كۆزلىرى قانغا تولدى. قولىدىكى شەمشەرنىڭ بىسى يې-
نىپ قالقانلىرى ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتتى. شىۋىتسىيە-
لىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئاللا ـ توۋىسىنى چىقىرىپ، سۈر ـ
توقاي قىلدى.
ئوگېنسو بەرداشلىق بېرەلمەي، قول ئاستىدىكىلەرگە خا-
نىش ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ كېتىشكە
ۋە چېكىنىپ بارگاھ تىكىپ، كۈچ توپلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.
ھېيرا لەشكەرلىرى بىلەن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ بېرىپ،
بارگاھنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. «چىلبۆرە» لەقەملىك فورف:
«ھۇ دەيۈز، ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بولماي تۇرىسەنغۇ» دەپ ۋارقى-
رىغىنىچە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ بارگاھقا باستۇرۇپ كىردى.
بۇنىڭدىن قويقا چېچى تىك تۇرغان ئوگېنسو شەمشىرىنى چىقى-
رىپ فورف بىلەن جەڭگە چۈشتى. ئۇ قىران ۋاقتىدىكى باتۇرلۇ-
قىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ لېكىن كەسكىن جەڭ ئۇنى ھالىدىن
خېلىلا كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. قىلىچ ـ شەمشەرلەر قايچىلىشىپ،
ئىككى ئات ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتتى. قىرغىنچىلىق
گۆگۈم چۈشكۈچە داۋاملاشتى. فورف ئەپلىك پەيتنى تۇتۇپ شەم-
شىرىنى ئوگېنسونىڭ كۆكرىكىگە توغرىلاپ تىقتى. شۇئان ئىس-
سىق قانلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىقتى. ئەمما، قېرى ئوگېنسو



چېكىنىشىنىڭ ئورنىغا، چىشىنى چىشىغا چىڭ چىشلەپ كەينىگە
تېزلىكتە بۇرالدى ـ دە، شەمشىرىنى فورفىنىڭ دۇبۇلغىسىغا
قارىتىپ چاپتى. فورف ئۆزى كۆزگە ئىلمىغان بۇ قېرىنىڭ
يارىلىنىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىگە زەربە بەرگىنىدىن ئېسەنكىرەپ قال-
دى. بېشىدىن ئاققان قانىنىڭ دەستىدىن كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق
تىقىلىپ، ئات ئۈستىدىن ھاۋا تاپان بولۇپ يىقىلدى.

ئاكىسىغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان «ياۋا توڭگۇز» ئەي-
فىل ئاكىسىنىڭ ئاتتىن يىقىلغىنىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز
ئۆرلىدى. ۋۇجۇدىدىكى جىمى ئۆچمەنلىك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى
قولىدىكى قىلىچقا يىغىپ، قاتتىق شىلتىدى، قەدىمكىلەردىن
قالغان بۇ شەمشەردەك ئۆتكۈر قىلىچ ئوگېنسونىڭ قالقىنىنى
كېسىپ ئۆتۈپ، دۇبۇلغىسىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ تاشلىدى.
شۇئان ئوگېنسونىڭ بېشىدىن قىپقىزىل قانلار فونتاندەك ئېتى-
لىپ چىقتى. باتۇرلۇقى بىلەن بىر مەھەل جاھان سورىغان شى-
ۋېتسىيىنىڭ قېرى پادىشاھى بىر ئىڭراپلا يەرگە يىقىلىپ، تىن
تارتمايلا جان بەردى.

گوت لەشكەرلىرى ياۋنى قانچە ئۆلتۈرگەنسېرى شۇنچە باتۇر-
لاشتى. شىۋېتسىيىنىڭ قالدۇق لەشكەرلىرى سەركەردىسىنىڭ
جان تەسلىم قىلغىنىنى كۆرۈپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. قاچقى-
نى قېچىپ، ئەل بولغىنى ئەل بولۇپ، ئۆلگىنى ئۆلدى.

لەشكەرلەر دەرھال بېرىپ فورفنى يۆلەپ، يارىسىنى تاڭ-
دى. ئۇ تەلىيىگە يارىشا ئامان قالدى، ئوگېنسونىڭ قىلىچى
پەقەت ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئازراق تېرىسىنى شىلىۋەتكەنىدى. ئەيفىل-
مۇ ئوگېنسونىڭ قورال ـ يارىقى، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتى ۋە تۇلپارى-
نى غەنىيمەت ئېلىپ، ھېيراغا تەقدىم قىلدى.

ھېيرا لەشكەرلىرىنى يىغىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتتى. تۆھپە
تارتۇقلاش بەزمىسىدە ئۇ بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلارنى خېلى
ئوبدان تارتۇقلىدى. ئۇلار چەكسىز زېمىن ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز



ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىقلارغا نائىل بولدى. ئەيفىلنىڭ باتۇرلۇ-
قى ۋە كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن ھېيرا يەنە ئۇنىڭغا يالغۇز
قىزىنى نىكاھلاپ قويدى.

كېيىن، ھېيرا گوت ئېلىگە، ئۇنىرا شىۋىتسىيىگە پادىشاھ
بولدى. ئۇنىرا ھېيرا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن گوت ئېلىگە يەنە
تېگىش قىلىپ، پادىشاھ ھېردىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتا قىساسىنى
ئالدى. بېئوۋۇف پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شاھزادە ھەيدىنى
قانات ئاستىغا ئالدى، ئۇ كېيىن ئۆز ئېلىگە قايتىپ بېرىپ،
ئۇنىرانى جېنىدىن جۇدا قىلدى.

مانا ئەمدى گوتلارنىڭ بۇرنىغا تۈگىمەس جەڭگى ـ جېدەل-
لەرنىڭ ھىدى يەنە پۇرىدى. شىۋىتسىيىلىكەر بېئوۋۇفنىڭ ئۆل-
گىنىنى بىلىپ قالسىلا، فۇرسلارغا ئوخشاش لەشكەر تارتىپ
كېلىپ، گوت ئېلىنى قانغا بويىماي قالمايتتى.

گوت خەلقى ھايات ـ ماماتلىق مۇھىم پەيتىگە دۇچ كەلدى.
دەرھال بېرىپ بېئوۋۇفنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر ياقلىق
قىلمىسا بولمايتتى، ئۇلار ھۆرمەتلىك شاھىنىڭ جەسىتىنىڭ قا-
قاس تاغدا قېلىپ، قاغا ـ قوزغۇنلارغا يەم بولۇشىغا قول قوشتۇ-
رۇپ تۇرالمايتتى.

كىشىلەر چەكسىز ئازاب، ھەسرەت ۋە ھىجران ئىلكىدە
پالۋاننى يەرلىكىگە قويۇش ئۈچۈن چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ
كەتتى...

## ئون ئالتىنچى قىسسە

# مەرھۇم پالۋاننىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ ئەبەدىلئەبەد تارقالغانلىقى

بوران قۇتراپ، دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاققا زەرب بىلەن
ئۇرۇلدى، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. قارا بۇلۇت تاغ ـ
ئىدىرلارنى يېپىپ، دەل ـ دەرەخلەر ئېغىر سۈكۈناتقا پاتتى.
بۇركۈت قىياسىغا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇ قانلىق
جەڭ بولغان، پالۋان بېئوۋۇف كۆز يۇمغان جاي ئىدى.

ئەجدىھا ئۆڭكۈرىنىڭ ئاغزى ھازا تۇتقان كىشىلەر توپى بىـ
لەن لىق تولدى. تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرە كۆزگە تاشلىـ
نىپ تۇراتتى؛ ھەممىلا يەرنى تاش ئۇۋاقلىرى قاپلىغان، قورام
تاشلاردا چېكىم ـ چېكىم قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغاندى.
شاخ ـ شۇمبىلىرى كۆيۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر قاپقارا
كۆسەيدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىر قورام تاشنىڭ قىسىلچىـ
قىغا بېئوۋۇفنىڭ ھېلىقى سۇنۇپ كەتكەن شەمشىرىنىڭ پۇچۇقى
سانجىقلىق تۇراتتى. ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكى ئۆڭكۈر ئالدىدا سوزۇـ
لۇپ ياتاتتى، قاسراقلىرى ئوتتا كۆيۈپ، كىشىنى ھۆ قىلدۇرغۇـ
دەك سېسىق پۇراقلار تاراپ تۇراتتى. ئۆتكۈر تىرناقلىرىنىڭ
ئۇچىغا قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ئەجدىھا ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن بولـ
سىمۇ، لېكىن قارىغان كىشىنىڭ تېنى شۈركىنىپ يېقىن كېـ
لىشكە پېتىنالمايتتى.

ئىلگىرى زۇلمەتلىك ئاسماندا خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇـ



لۇق قىلىپ، زەھەرلىك ئوت پۈركۈپ گوت زېمىنىنى كۆيدۈرۈپ
قاقاسلىققا ئايلاندۇرغان بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئەمدىلىكتە مە-
دىر - سىدىر قىلماي جىممىدە ياتاتتى. ۋەھشىيلىكلىرىمۇ بىراقلا
يوقالغاندى. كىشىلەر رەھمەتلىك پادىشاھ، گوت پالۋىنى بېئو-
ۋۇفقا چىن قەلبىدىن ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى.

شۇ ئەسنادا، ئۆڭكۈردىن زەبەردەست پالۋان، بېئوۋۇفنىڭ
ۋارىسى ۋىراف چىقىپ كەلدى. ئۇ قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ
كىشىلەرگە ئېيتتى:

— قەدىردان يۇرتداشلىرىم، بۇ يەردە روي بەرگەن ئىشلار-
نىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، ئەجدىھا قىل-
غان شۇملۇقلىرىغا لايىق جاجىسىنى يېدى. ئېچىنىشلىق جەڭمۇ
تامام بولدى. ھۆرمەتلىك شاھىمىز ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە،
ئەڭ ئاخىرقى بىر تېمىم قېنى قالغۇچە ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىپ،
گوت خەلقى ئۈچۈن ئەزىز تېنىنى مەردلەرچە تەسەددۇق قىلدى.

ۋىرافنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقاتتى، ئۇرۇش ۋە ئازاب
دەستىدىن ئۇنىڭ رەڭگى - رۇخسارى ساماندەك سارغىيىپ، كۆز
جىيەكلىرى قارىداپ كەتكەنىدى، ئۇ ئېيتىپ - تۈگەتكۈسىز بىر
ھەسرەت ۋە ئازاب ئىلكىدە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بېئوۋۇف قەلبىمىزدىكى بىر قۇياش. ئارىمىزدا قايسى-
مىز ئۇنىڭ مېھرى - شەپقىتىگە نائىل بولمىغان؟ ئۇ پۈتكۈل
ھاياتىنى گوت خەلقىگە تەسەددۇق قىلدى. ئۇنىڭ تۆھپىسى تاغ-
دىن ئېگىز، دېڭىزدىن تېرەن! ئۇ ئۆزى ئۆلسىمۇ، روھى قەلبى-
مىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشقىنىچە ئۆڭكۈرگە
كىرىپ، بېئوۋۇفنىڭ جەسىتىنى كۆتۈردى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ-
گىدە يۇمۇپ خاتىرجەم ياتاتتى، قوللىرى مەيدىسىگە قويۇلغان-
دى. يېنىدا ئەجدىھانىڭ قېنى بىلەن بويالغان ھېلىقى پۇچۇق
شەمشەر تۇراتتى. جەسەت يوغان بىر قورام تاش ئۈستىگە قويۇل-

دى. تولا يىغلاپ يىغىسى قۇرۇغان كىشىلەر پالۋاننى چۆرىدەپ
جىممىدە تۇراتتى. شۇ تاپتا كىشىلەر ئېغىر سۇكۇناتقا ئەسىر
بولغانىدى، زەھەردەك ئاچچىق ئىزغىرىن شامال ئۇلارنىڭ
يۈز - كۆزلىرىنى نەشتەردەك چاقاتتى. نە بىرەيلەن يىغلىغاي،
نە بىرەيلەن گەپ قىلغاي. ئارىنى چەكسىز ئازاب ۋە سۇكۇنات
قاپلىدى.

نىھايەت، ۋىراق ئېغىر سۇكۇناتقا بەرھەم بېرىپ ئېغىز
ئاچتى:

— شاھىمىز مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە ئارىمىزدىن
كەتتى، مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشتى، ئۇ ئاشۇ شان -
شەرەپلىرى بەدىلىگە بېھىشتىن ئورۇن ئالىدۇ، ئۇ كۆز يۇمۇش-
تىن ئىلگىرى ئەلنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆزىنى ئۇن-
تۇماي ياد ئېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر ئابىدە تىكلەشنى ۋەسىيەت
قىلدى. ئۇ يەنە ئابىدىگە «بېئوۋۇف مەقبەرىسى» دەپ نام قويۇش-
نى تاپىلىدى، — كىشىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ، مەرھۇم پادى-
شاھنىڭ تاپشۇرۇقىنى جاندىل بىلەن ئورۇندايدىغانلىرىنى بىلدۇ-
رۇشتى، — ئەمدى بىز ئىككىگە بۆلۈنۈپ كىشىلەرنى باشلاپ
ئەجدىھا ئۆڭكۈرىدىن ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى ئاچىقىمىز. قالغان-
لىرىڭلار شاھىمىزنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن ئوتۇن يىغىپ
كېلىسىلەر.



ۋىراف ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىن يارامىلىق يەتتە يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى.

ۋىراف مەسىلىنى كۆتۈرۈپ، سەرۋازلار بىلەن بىرلىكتە دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ئۆڭكۈر سىرتىغا توشۇدى، بايلىقلارغا كۆزى قىزىرىپ، يامان نىيەتتە بولۇپمۇ يۈرمىدى. ئۇلار گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلىغانلىكى كىشى ھايات ـ ماماتىغا قارىماي ئالغىلى كەلگەن، ئەمما بىرەر تالىنىمۇ ئېلىپ كېتەلمىگەن بۇ بايلىقلارغا يىرگىنچلىك نەزەر بىلەن قارىدى. دەل مۇشۇ بايلىقلار قەدىردان پادىشاھنىڭ بېشىغا چىققانىدى. ئارقىدىن، ۋىراف كىشىلەرگە ئەجدىھانىڭ جەسىتىنى ئېگىز قىيادىن دېڭىزغا تاشلىۋېتىشكە پەرمان قىلدى.

ئاسمان ـ پەلەك تىك قىيا ئۈستىگە دۆۋە ـ دۆۋە ئوتۇنلار دۆۋىلەندى. ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەرەملىك شاھ — گوتلارنىڭ مەشھۇر پالۋىنى بېئوۋۇلفنىڭ جەسىتى قويۇلدى. ئۈستىگە ھېلىقى زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن جەڭ تۇغى يېپىلىپ، يېنىغا ئالتۇندىن كۆز قويۇلغان ھېلىقى شەمشەر قويۇلدى.

پادىشاھ ۋىرافنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن تەڭ، غايەت زور ئوتۇن دۆۋىسى چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. تۇرۇم ـ تۇرۇم ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ، يالقۇنلۇق ئوتلار پەلەككە ئۆرلىدى.

كىشىلەر قەلبىنى بېسىپ ياتقان ئېيتقۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى باسالماي، ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ئازابلىق يىغا ئاۋازى دەستىدىن جاھان لەرزىگە كەلدى. ئوتنىڭ چاراسلاپ كۆيگەن ئاۋازى دېڭىزنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.

ئازابلىق يىغا ـ زارە ئىچىدە ئوت پالۋاننىڭ جەسىتىنى رەھىمسىزلەرچە يالماپ يۇتۇپ، پەقەت ئۈستىخىنىنىلا قالدۇرۇپ



قويدى. بېئوۋۇفنىڭ روھى جىسمى بىلەن ۋىدالىشىپ ئوت يالقۇ-
نى بىلەن بىللە ئەرشكە چىقىپ كەتتى.

بېئوۋۇف خەلقىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوتنى سېلىپ قويۇپ، مانا مۇشۇنداق مەردانىلارچە كۆز يۇمدى.

پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان دىيانەتلىك خانىشمۇ ئۇچتەك ئاقار-غان چاچلىرىنى چىڭ تۇگۈپ، بېئوۋۇف ئۈچۈن هازا ئاچتى. ئۇ مېھرىبانلىق چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىپ تۇراتتى. تۇرقىدىن: «ھەممىگە قادىر تەڭرىم، سەن نېمىشقا بۇنچە شەپقەتسىزلىك قىلىدىغانسەن؟ نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى ئاق كۆڭۈل خەلقىنىڭ بېشىغا سالىدىغان-سەن؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟...» دەپ نىدا قىلىۋاتقاندەك قىلات-تى.

ياش پادىشاھ ۋىرافمۇ چەكسىز ئازاب ۋە نادامەت ئىلكىدە قالدى، زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. قاباھەتلىك كۈنلەرنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدى-غانلىقى، تۈگىمەس قىرغىنچىلىقلارنىڭ يەنە يۈز بېرىدىغانلىقى، گوت خەلقىنىڭ ياۋنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قۇللۇقتا ۋە خور-لۇقتا دۇچار بولىدىغانلىقى كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ئەمدى ئاشۇ قاباھەتلىك رېئاللىقتا يۈزلىنىدۇ، بېئوۋۇف مې-ڭىپ بولالمىغان يوللارنى داۋام قىلىدۇ...

ۋىراف مەرھۇم پادىشاھنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئۇرۇق - ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈگە يادلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن قىيا ئۈستىگە ھە-شەمەتلىك بىر مەقبەرە سېلىشقا پەرمان چۈشۈردى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئېگىز ئابىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. ئابىدىنىڭ ئۈلىغا پالۋاننىڭ جەسەت كۈلى قويۇلدى. گوتلارنىڭ چىۋەر ئۇستىلىرى يىغىلىپ، ئابىدە-نى كىشى تاڭ قالغۇدەك دەرىجىدە ياساپ چىقتى.

ئابىدىنىڭ ئۇدۇل يۈزىگە ئالتۇن ھەل بىلەن «بېئوۋۇف



مەقبەرىسى» دېگەن خەت چوڭ قىلىپ يېزىلدى. كەينى يۈزىگە:
«جاھاندىكى شاھلار ئىچىدە بېئوۋۇفتەك شەپقەتلىك، بېئوۋۇف-
تەك ھۆرمەتلىك، بېئوۋوفتەك شانۇ شەۋكەتلىك شاھ يوقتۇر.
ئۇنىڭ شانۇ شەۋكىتى كۈنسېرى ئېشىپ، بۈيۈك نامى مەڭگۈ
يادلانغۇسى!» دېگەن خەت ئويۇلدى.

ئابىدە ئاستىدىكى قەبرە ئىچىگە ئەجدىھا ئۆڭكۈرىدىن ئېلىن-
غان بايلىقلار كۆمۈلدى. ئۇلار ئۇچۇن بۇ بايلىقلار كېرەك ئە-
مەس. ئۇلار بۇ ئالتۇن - كۈمۈش، لەيلى - ياقۇتلارنى بېئوۋۇفقا
مەڭگۈ ھەمراھ قىلدى.

ئەڭ ئاخىردا پۈتكۈل گوت خەلقى قەبرە ئالدىغا يىغىلىپ،
بېئوۋۇفقا تەزىيە بىلدۈردى. ئون ئىككى نەپەر گوت پالۋىنى
تولۇق قوراللىنىپ، ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ قەبرىنى بىر ھەپتە
ساقلىدى. ھەيۋەتلىك «قەھرىمانلار ناخشىسى» ئەتراپقا ياڭرىدى:





گوتلارنىڭ شۆھرىتى ھەريان تارالغان،
خۇشبۇي مەي لىق تولغان كۈمۈش قەدەھكە.
پالۋاننى مەدھىيىلەپ سازىم چالىمەن،
پالۋاننىڭ شۆھرىتى يەتسۇن پەلەككە.

ئېھ! بېئوۋۇف —
تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت مۇجەسسەم سەندە،
كۆكرىكىڭ ئەسلىتەر ئېيىق كۆكسىنى.
قەلبىڭدىن ئۇرغۇيدۇ ساداقەت مېھرى،
كۆزۈڭدە پارلىتىپ ئەقىل نۇرىنى.

تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت مۇجەسسەم سەندە،
شەمشىرىڭ سانجىلغاي ياۋۇز كۆكسىگە.

ئېھ! بېئوۋۇف —
خەلقىمنىڭ يېڭىلمەس قەھرىمانىسەن،
ناخشامدا كۈيلەيمەن سېنى تائەبەد.
ناخشامدا كۈيلەيمەن…

## دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

شىرمەت باتۇر كېسىر شاھ

مىللىي قەھرىمان ماناس

رامەنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرى

ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى كەچۈرمىشلىرى

ئىستىلاچى ئانېئاس

بۈيۈك بىرودۇ

نىبلۇڭىن پاجىئەسى

بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى

ترويادىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش

باتۇر شاھ جاڭگىر


ISBN 7-228-09508-1

9 787228 095087 >

ISBN 7 - 228 - 09508 - 1

(民文) 单价:11.00 全套定价:110.00元